

# ئاسرانديلار

مىللەتلەر نەشرياتى

www.uyghurkitap.com

شيا يەن

# ئاسراندىلار

تەرجىمە قىلغۇچى: غولام غوپۇرى

تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: رەھىمجان

مىللەتلەر نەشرىياتى

# ئاسراندىلار

## شيا يەن

تەرجىمە قىلغۇچى: غولام غوپۇر
تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: رېيىمجان
مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1982 ـ يىل 7 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1982 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.13 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

شيايەن، ئەسلى ئېتى شېن دۈەنشيەن، 1900 ـ يىلى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاڭجۇ شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق سەھنە ئەسەر يازغۇچىسى ۋە سول قانات ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەركىتىدىكى ئەربابلاردىن بىرى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۇزاققىچە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر جۇڭگو خەلق تاشقى ئىشلار دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

يازغۇچى ئۆزىنىڭ سەھنە ئەسەر يېزىش ئىشىنى 1934 ـ يىلدىن باشلىغان، ئۇ «چيۇجىننىڭ تەرجىمھالى»، «شاڭخەيدىكى لاپاس ئاستىدا»، «روھىي قوغدىنىش»، «فاشىست مىكروپلىرى»، «سىناق» قاتارلىق ئون نەچچە دىراما ۋە «بەخت تىلەش»، «لىن چوڭخامىنىڭ دۇكىنى» دېگەن كىنو ئەسەرلىرىنى يازغان.

«ئاسراندىلار» ــ مۇئەللىپنىڭ 1935 ـ يىلى خەۋەر ئەدەبىياتى تۇسىدە يازغان بىر ئەسىرى. مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىنى كۆپ يىللار ئويلىنىپ يېزىپ چىققان، ئۇ شاڭخەيدىكى زاۋۇت ـ فابرىكا

رايونغا بېرىپ، شۇ جاي ئۇستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، «ئاسراندىلار»نىڭ جان تونزگۈسىز تۇرمۇشىنى ئۆز كوزى بىلەن كورگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى جۇڭگودا بولسا، بۇ ياش ئايال ئىشچىلار پۈتۈنلەي قۇللارچە ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ياپون جاھانگىرلىرى، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى، زاۋۇت ـ فابرىكا خوجايىنلىرى ۋە گۇڭتولار بىر غۇژمەك بولۇۋېلىپ، ئۇلارنى چەكسىز زالىملىق ۋە ياۋۇزلۇق بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلاتتى ۋە ئېزەتتى. ئۇلار كىشىلىك ئەركىنـ لىكىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان، "تىرىك ماشىنا"، "قاچىلانغان ئەمگەك كۈچى"گە ئايلىنىپ قالغان. مۇئەللىپ بۇ پانى دوزاقنىڭ ئەينى قىياپىتىنى قانلىق ياش بىلەن سۇغۇرۇلغان قەلىمى بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ. مۇئەللىپنىڭ يازغانلىرى پۈتۈنلەي شۇ چاغدىكى ئاسراندىلار تۇرمۇشىنىڭ ئەينەن خاتىرىسىدۇر. بۇ "4 ـ ماي" يېڭى ئەدەبىيات ھەركىتىدىن كېيىن جۇڭگو ئىشچىلىرىنىڭ تۇرـ مۇشىنى بۇرۇنراق ۋە توغرىدىن ـ توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن خەۋەر ئەدەبىياتى تۇسىدىكى بىر ئەسەردۇر. خۇددى مۇئەللىپ بۇ ئەسەرنىڭ ئايىغىدا ئېچىپ بەرگەندەك، بۇ ئاسراندىلار ئەمگەك قىلىدىغان يىپ ئىگىرىش فابرىكىسىدا "ئاڭ يوقتەك، بىرلىك يوقتەك، قارشىلىق يوقتەك كورۈنىدۇ"، "لېكىن ئۇلار بۈيۈك بىر تاۋلاش مەيدانىدا تۇرىدۇ"، "تاڭنىڭ ئېتىشىنى توساپ قالغىلى بولمايدۇ".

بۈگۈن ئېلىمىز ئىشچىلىرى ۋە بارلىق خەلقىمىز بەختلىك

تۇرمۇشتا ئۇتتۇۋاتىدۇ. ياش كىتابخانلار «ئاسراندىلار»نىڭ ئىملىگىنىمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن. بىز ئۇتمۇشنى ئۇنتۇماسلىغىمىز، تارىخنى بىلىشىمىز كېرەك، ئىشچىلار سىنىپىمىزنىڭ كونا جۇڭگودىن يېڭى جۇڭگوغا قانداق ئۆتۈپ كەلگەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. «ئاسراندىلار» دېگەن بۇ ئەسەر بىزنى كونا جۇڭگو ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەردار قىلىدىغان بىر ياخشى دەرسلىكتۇر.

**تۇزگۇچىدىن**

1978 ـ يىل 5 ـ ئاي

## مۇندەرىجە


ئاسراندىلار . . . . . . . . . . . . . . 1

«ئاسراندىلار»غا قوشۇمچە . . . . . . . . . . 35

ئەسلىمە ۋە ئوي . . . . . . . . . . . . . . 57

www.uyghurkitap.com

# ئاسراندىلار

قەمەرىيە 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، بىر كۈنى ئەتىگەن سائەت 4 تىن چارەك ئۆتكەندە، تاڭ يۇلتۇزى ئاستا ـ ئاستا سۇرۇلۇپ نەگىدۇ كېتىۋاتقان سۇرە بۇلۇتلار ئارىسىدا غايىپ بولغاندا، ھەرە كونىگىدەك كاتاكچىلاردا ئۇخلاۋاتقان كىشىلەر قىمىرلاشقا باشلىدى.

— قوپۇش، ئورنىڭنى يىغىش! — دەپ ۋاقىرىدى مەۋسۇمگە قارىماي يالتىراق تاۋار ئىشتان ـ كوڭلەك كىيىۋالغان بىر ئەر كىشى ئاچچىغى بىلەن.

— قوپ، ھەي ”قومۇش شىخى“! ياتقىنىنى تېخى، چوشقا كۈچۈكى!

كەڭلىگى يەتتە چى، ئۇزۇنلۇغى ئون ئىككى چى كېلىدىغان ئىشچىلار ياتىقىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە 16 ـ 17 ”چوشقا كۈچۈك ـ لىرى“ ئۇگدا ـ سوگدا يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. بۇ سۇرلۇك ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاچچىق تەر ۋە پوق ـ سۈيدۈكنىڭ سېسىغى چاڭقىپ تۇرغان زەي ئۆينىڭ ئىچىدە، بۇ قىزلار ئۇۋۇسىدىن قوزغى ـ ۋېتىلگەن بوغۇنلاردەك پوقۇرلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئەسنىشەتتى، ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىشاتتى، چۇرۇلدىشىپ كېتەتتى،

كىيملىرىنى ئىزدىشەتتى، باشقىلارنىڭ كەشلىرىنى كىيىۋېلىپ، يېنىدىكىلىرىنى دەسسەپ-چەيلەپ ئوتتۇپ ئادەم بېشىدىن بىرەر چىلا نېرىغا قويۇلغان تەرەت تۇڭىنىڭ قېشىغا بېرىپ شارىلدىتىپ سىيىشەتتى. بالاغەتكە يەتكەن قىزلارغا خاس بولغان ئۇيۇلۇش تۇيغۇسى ”چوشقا كۈچۈكلىرى“ دەپ ئاتالغان بۇ قىزلاردا خېلىلا دىگۈدەك گاللىشىپ قالغان ئىدى. ئۇلار يېرىم يالىڭاچ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىشاتتى، ئىشتانلىرىنى كوتەرگەن پېتى تەرەت تۇڭىنىڭ ئالدىغا ئېتىلاتتى، بەدەنلىرىنى سەللا قىشايتىپ تۇرۇپلا، ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئوچۇقتىن-ئوچۇق كىيىم يوتكىشەتتى.

ھىلىقى ئەر كىشى ئورنىدىن ئاستىراق قوپۇۋاتقان قىزلارنى جۇدۇنى بىلەن بىرنەچچە تېپىك تېپىۋېتىپ، كەينىگە ئورۇلدى-دە، كەڭلىگى ئىككى چى كەلمەيدىغان پەلەمپەيدە تۇرۇپ، ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى يەنە بىر تۇركۇم ئادەمگە قاراپ ۋاقىرىدى:

—تاياق يىگۇڭ كېلىشتىمۇ؟ نىمە تۇرۇشماي، چۇش-پىشىنگىچە يېتىشسەن؟ ھارامتاماقلار!

چاچلىرى پاخپايغان، يالاڭغىداق، كوزلىرىنى ئەمدىلا ئۇيقۇدىن يىرىپ ئاچقان بىرنەچچە ”ھارام تاماق“ تۇگمىلىرىنى ئەتكەچ دۇكۇرلەپ پەسكە چۇشۇپ، سۇ نوسىغا ئورنىتىلغان جۇمەكىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، ئالقىنىغا سۇ ئېلىپ، يۇزلىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى، ”قومۇش شېخى“ بولسا قازاندىكى

ئۇماشنى قاينىتىپ پىشۇرۇشقا ئالدىراپ، تەمتىرەپ كەتتى، بىراق ئوچاقتىن ئىس يېنىپ، ئۇنى قاتتىق يوتەلدۇرۇۋەتتى. ئۇ ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلاردا بار ئىدى، خوجايىنىدىن باشقا ئۇنىڭ ئېتىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى، پۈت ـ قوللىرى قوناق شېخىدەك ئىنچىكە بولغاچقا، كوپچىلىك ئۇنىڭغا "قوناق شېخى" دەپ ئات قويۇپ قويغان ئىدى.

بۇ، شەرق ئەجنەبىلىرىنىڭ ياڭ شۇفۇدىكى فۇلىڭ كوچىسىغا سالدۇرغان يىپ ئىگىرىش فابرىكىسىنىڭ ئىشچىلار ياتىقى ئىدى. قىزىل خىشلىق تام بىلەن قورشاپ، قاتتىق قامال قىلىنغان بۇ ئۇزۇنچاق ياتاقلار رايوننى سىمونتتىن ياسالغان بىر تار كوچا سوزۇنچاق ئىككى بولەككە ئايرىپ تۇراتتى. بۇ ياتاقلارنىڭ ئويلىرى خۇددى كەپتەر كاتەكلىرىدەك تەپ ـ تەكشى قىلىپ بولۇنگەن ئىدى. ئۇنىڭدا بىر يېقىغا سەككىز قاتاردىن، ھەر بىر قاتارغا بەش ئېغىزدىن ئاستىن ـ ئۇستۇن قىلىپ سېلىنغان جەمى سەكسەن ئېغىز ئوي بار ئىدى. ھەر بىر ياتاقنىڭ ئۇستۇنكى ۋە ئاستىنقى قەۋىتىدە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ئوتتۇز ئۇچتىن كىشى يەنى خوجايىنلار "ھارامتاماقلار" ۋە "چوشقا كۇچۇكلىرى" دەپ تىللايدىغان كىشىلەر ئولتۇراتتى، شۇڭا "ياللامچى خوجايىن"①، خوجايىن خوتۇن، ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ۋە تۇققانلىرى ھەم يالتىراق تاۋار كىيىم كىيىۋالغانلار بىلەن بىر

---

① "ياللامچى" خوجايىن ـــ ئاسراندىلارنى باشقۇرىدىغان گوڭتۇ.

ۋەزىپىسىدىكى قارا خىزمەتچى، چاقىرىلغان ساقچى①...... دىن باشقا، بۇ ياتاق رايونىدىكى تام قورشاقنىڭ ئىچىدە يەنە كىيىملىرى جۇل-جۇل ۋە مەخسۇس باشقىلار ئۈچۈن كىيىملىك ماتىرىياللىرى ياسايدىغان ئىككى مىڭچە "چوشقا كۆچۈكلىرى" ئولتۇراتتى.

ئەمما ئۇلارنىڭ رەسمىي نامى "ئەركىنزلەر" دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلارنىڭ جىسمانى ئەركىنلىگى يوقچۇن بىر ئۇسۇل بىلەن "ياللامچى" خوجايىنغا سېتىپ بېرىلەتتى. ھەر يىلى — بولۇپمۇ سۇ ئاپىتى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولغاندا، بۇ شەرق ئەجنەبىلىرىنىڭ فابرىكىسى بىلەن "مۇناسىۋىتى بار" يالىلامچىلار ئۇزلىرىنىڭ يۇرتلىرىغا ياكى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا بېرىپ ياكى كىشى ئەۋەتىپ، ئۇزاق يىللاردىن دەۋېرىپ پىشىپ كەتكەن، بىر تال پاخالنى بىر زىخچا ئالتۇن دەپ سوزلەيدىغان ئاغزىلىرى بىلەن، ئۇز باللىرىنى "باقىقۇچىلىك" ماجالى يوق، ئەمما باللىرىنىڭ ئاچقا ئولۇپ كېتىشىگە كوڭلى چىدىمايدىغان يۇرتداشلىرىنى ئازدۇراتتى.

"گەپ يوق، ياتىدىغان يېرى ياۋروپاچە شىركەتلەرنىڭ ئويلىرى، يەيدىغىنى بېلىق ۋە گوشلەردىن قىلىنغان ئىسىل

---

① چاقىرىلغان ساقچى — كونا جەمىيەتتە بايلار ئۇزىنىڭ ئامانلىغى ئۈچۈن، ئەكسىيەتچى ھوكۇمەتكە پۇل تولەپ ساقچى يەنى "قوغدىغۇچى" ياللىۋالاتتى.

www.uyghurkitap.com

تاماقلار، بىر ئايدا ئىككى كۈن ھاردۇق، كوچىلارنى ئايلانىدۇرۇپ ئوينىتىمىز، پاھ، ئون يىگىرمە قەۋەتلىك ئىگىز بىنالار، ئىككى قەۋەتلىك ماشىنىلار، ھەر خىل، ھەر ياڭزا چىراپلىق، قىزىقارلىق چەتئەل نەرسىلىرى، ئەي، يۇرتداشلار! ئادەم بالىسى بولغاندىكىن ئۆز ئۆمرۈڭلەردە بىر كورۇشنى ئارمان قىلىسىلەر!

ئۈچ يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، تاپقان پۇلى ئۆزىگە ھىساپ، كۈنىگە بىر تەڭگىدىن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ، ھەي-ھەي، باشقىلار ئالدىمغا كېلىپ باش ئۇرسىمۇ تىزىملىمايمەن! بىز بولساق يۇرتداش، ھەر نىمە بولسا كوڭلىمىز تارتىشىدۇ!

مانا ماڭا تاپشۇرساڭلار ھىچقانداق چاتاق چىقمايدۇ، ئەگەر ئانداق-مۇنداق چاتاق چىقسا، مەن يۇرتۇمغا كېلەلەيمەنمۇ؟"

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، يىلتىز يەپ، قوۋزاق غاجىلايدىغان قىزلارلا ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمۇ ئۇزلىرىگە شۇ يەرگە بېرىپ راھەت كورۇشكە نىسىپ بولمىغانلىقىغا ھەسرەت چېكىشەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەييارلاپ قويۇشقان "سىتىش خېتى"گە كىرىست بەلگىسىنى سىزىشاتتى، سېتىش ھەققى ئومۇمەن يىگىرمە كۈمۈش تەڭگە بولۇپ، سېتىلىش مۇددىتى ئۈچ يىل ئىدى، ئۇلارنىڭ ياتىغى بىلەن تامىقىنى ھىلىقى "ياللامچى" خوجايىن ئۈچ يىلغىچە كوتىرىگە ئالاتتى، خىزمەتكىمۇ شۇ تونۇشتۇراتتى، تاپقان پۇلنى "ياللامچى" خوجايىن ئالاتتى، ئاغرىق-سىلاق، ئولۇم-يىتىم ئىشلىرى خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت ئىدى، ئالدى

بىلەن ئۇن كۈمۈش تەڭگە تاپشۇرۇلۇپ، ئادەممۇ، پۇلمۇ قولمۇ-قول ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلەتتى، "كېيىن-ئاخىر تۈتۈمسىز ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ئۇشبۇ تىل خەتنى تۈزۈشتۇق" دىگەن خەت يېزىلاتتى!

قۇلنىڭ كوچىسىدىكى ئىشچىلار ياتىغىدا تۇرىدىغان ئىككى مىڭچە ئاسراندا ئىشچى ئەللىك نەچچە گۇڭتۇنىڭ قولىغا قارايتتى، ئۇلار "گۇڭتۇ"لار ئۇچۇن ئىنتائەتمەنلىك بىلەن پۇل تېپىپ بېرىدىغان "ماشىنىلار" ئىدى، شۇڭا ھەر بىر "گۇڭتۇ"نىڭ قولىدىكى ئاسراندا ئىشچىلارنىڭ سانىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ قولىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىغىنى ۋە بايلىغىنىڭ ئاز-كوپلۇگىنى بىلگىلى بولاتتى. ئازراق دىگەنلىرى قىرىق-ئەللىك ئاسراندا ئىشچىنى، كوپرەك دىگەنلىرى يۈز ئەللىك ۋە ئۇنىڭدىن كوپرەك ئاسراندا ئىشچىنى باشقۇراتتى. قولى ئۇزۇنراق "گۇڭتۇ"لار جازانە قويۇش، يەر-زىمىن سېتىۋېلىش، ئوي-جاي سېلىشتىن باشقا، چايخانە، مونچا، ساتراچخانە ئېچىشقا ئوخشاش تىجارەتلەرنىمۇ قوشۇمچىسىغا ئېلىپ باراتتى.

شەرق ئەجنەبىلىرى — فابرىكا ئىگىلىرى قىزىل خىش تام بىلەن قورشالغان بۇ ياتاقلارنى ھەر ئېيىغا بەش تەڭگە باھاسى بىلەن "گۇڭتۇ"لارغا ئىجارىگە بېرەتتى، "گۇڭتۇ"لار مانا مۇشۇ كەپتەر كاتىكىدەك "ياۋروپاچە" ئويلەرگە ئوتتۇز نەچچىدىن تىرىك ماشىنىنى — بىر جايغا ئورنىتىپ قويغىلى بولمايدىغان ماشىنىنى جايلاشتۇراتتى. بۇنداق ياتاقلاردا ئادەتتىكى تار

كوچىلاردىكى ئۆيلەرنىڭكىگە ئوخشاش ”ئالدى ئىشىك“ بولمايتتى، ئۇلارنىڭ ئالدى ئىشىكلىرى دەل ئادەتتىكى ئۆيلەرنىڭ ئارقا ئىشىكلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ھەر بىر ئالدى ئىشىكنىڭ بېشىغا ئۇزۇنلۇغى ئۈچ ئىسلىك كېلىدىغان بىر تاختا قېقىپ، ئۇستىگە شەرق ئەجنەبىچىسىگە: ”تەيجۇلۇق چىن يۇنتىيەن“، ”ۋەيياڭلىق شۇفۇدا“ دىگەنگە ئوخشاش، گۈڭتولارنىڭ يۇرتى بىلەن ئېتىنى خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىپ قوياتتى. ئىشىككە ئۇڭۇپ كەتكەن قىزىل قەغەزدە ياسالغان چوڭ-كىچىك چاغان بوسۇغىلىقلىرى چاپلاپ قويۇلاتتى، ئارىلىقلىرىغا بولسا ئومۇمەن قىزىل قەغەزدىن ئويۇلغان شاپتۇل تۇسلۇك، ئەنجۇر تۇسلۇك ئويماقلار، سەككىز قىسمەت ئويماقلىرى ياكى ياغاچ باسمىدا بېسىلغان ”جاڭ تەييۈك غوجام بار يەرگە يامانلىق يانداشالمايدۇ“ دىگەن سۈرەت چاپلىناتتى. چاغان بوسۇغىلىقىنىڭ مەزمۇنى كۆپىنچە ”ئەردەملىك بولساڭ ئالدىڭ ئېچىلۇر“، ”ۋاپادار بولساڭ يولۇڭ كېڭىيۇر“ دىگەنگە ئوخشاش نەرسىلەر ئىدى. بۇ چاغان بوسۇغىلىقلىرىنىڭ بۇنداق يەرگە چاپلىنىشى باشقىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆزىنى ئۇستۇن كورسەتكەندەك، ئۆزى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆزىنى مەسخىرە قىلغاندەك بىر ئىش ئىدى.

ئەتىگەن سائەت توت يېرىمدىن كېيىن، گۈڭگا تاڭ نۇرى ئۆزىنىڭ خىرە نۇرلىرىنى ئەمدىلا چېچىشقا باشلىغاندا، سىمونتتىن ياسالغان يول بىلەن تار كوچا بۇ ياڭغىداق يېزا قىزلىرى بىلەن تولاتتى. سالقىن ۋە نەمخۇش تاڭ ھاۋاسى بۇ سىسىق

ھاۋا ئىچىدە ياشايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن بىردىن-بىر شىپالىق نەرسە بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار چۇقۇرۇشۇشقا باشلىدى، بەزىلىرى سۇ نوسىغا ئورنىتىلغان جۈمەكنىڭ يېنىدىكى سولارنى چىقىردۋاتاتتى، بەزىلىرى چاچلىرىغا سالىجىدەك چاپلىشىۋالغان پاختا توزۇندىلىرىنى سۇنۇق تاغاقلىرى بىلەن تاراپ چاچلىرىدىن چۇشۇرۇشمەكتە ئىدى. بىرمۇنچىلىرى ئىككىدىن-ئىككىدىن بولۇپ، لىپمۇ-لىپ توشۇپ كەتكەن تەرەت تۇڭلىرىنى بالداقلاردا كوتىرىشىپ، كىشىلەرنىڭ يانلىرىدىن پوش-پوش دىيىشىپ، توختىماي ئوتۇشمەكتە ئىدى. ياللامچى "خوجايىن" ياكى قارا خىزمەتچى قۇچاق-قۇچاق "تامغا بېسىلغان دەپتەر"لەرنى كوتىرىشىپ، خۇددى پويىز ئىستانسىلىرىنىڭ بىلەت كېسىدىغان سوغۇنلىرىدىكى ياغاچ شادىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك، چوڭ ئىشكىنىڭ ئاغزىدا تۇرۇشاتتى. ئاستىنقى قەۋەتتىكى بورا، ئەسكى يوتقانلار يىغىشتۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن، كېچىسى ئورە-توپە قىلىپ تامغا ئېسىپ قويۇلىدىغان ئىككى شىرە چۇشۇرۇلدى. ئون نەچچە چىنە، بىر باغلام چوكا شىرەنىڭ ئۈستىگە چېچىپ قويۇلىدى، كىزەك بىلەن ئۇماش قايىنىتىدىغانلارنىڭ بىرسى شىلىمغا ئوخشاش سۇيۇق ئۇماش قاچىلانغان بىر چىلەكنى ئەكىلىپ شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قويىدى. ئۇلارغا كۈنگە ئىككى قېتىم ئۇماش، بىر قېتىم رەسمىي تاماق بېرىلەتتى. ئەتىگەندە-ئاخشامدا ئۇماش، چۈشتە بىر ۋاقلىق تاماق بېرىلەتتى. چۈشلۈك تاماق بىلەن كەچقۇرۇنلۇق ئۇماشنى خوجايىننىڭ

ئادەملىرى فابرىكىنىڭ ئىچىگە ئەكىلىپ بېرەتتى. ئۇماش دېگىنىمىز، ئادەتتىكى مەنىدىكى ئۇماش ئەمەس ئىدى. بۇ ئۇماشنىڭ ئازراق قىسمى سوقچاق گۇرۇچ، قىسماق ۋە ئاق ئۇششاقتىن، كوپرەك قىسمى يېزىلىقلار چوشقا باقىدىغان دۇپۇ كۇنجۇرىسىدىن ئىبارەت ئىدى! ئۇماش كوكى دېگەن نەرسە زادىلا يوق ئىدى، ”رەھىمى“ كەپكەتكەن بەزى خوجايىنلار كىچىكرەك كوكتات بازارلىرىغا بېرىپ، ئانچە-مۇنچە ئۇسۇك يوپۇرماقلىرىنى تېرىپ كېلىپ، تۇزغا بۇلۇۋېتىپلا، كوك ئورنىدا بېرەتتى، مانا بۇ ئۇلار ئۇچۇن تېپىلماس ئالى سەي ئىدى.

پەقەت ئىككىلا ئۇزۇن ئورۇندۇق بار ئىدى — راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىن كوپرەك ئورۇندۇق بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئويدە بىرلا ۋاقىتتا ئوتتۇز نەچچە ئادەم بىرگە ئولتۇرۇپ ئۇماش ئىچىدىغان ئورۇن يوق ئىدى، ئۇلار بوغۇنلاردەك ئولىشىپ كېلىپ ئۆزلىرىگە بىر قاچا ئۇماشنى غاچ-غۇچ ئۇسۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە-بۇ يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ياكى يوللاردا ۋە ئىشىك تۇۋىلىرىدە ئورە تۇرۇپ، باشلىرىنى قىڭغايتقان هالدا، قاچىنىڭ سىرتىدىكى ئۇماش يۇقۇندىلىرىغىچە قويماي، پاك-پاكىز يالاپ ئىچىشۋالاتتى. ئۇماشنىڭ مىقدارى ئالاھىدە كۇنلەردە — مەسىلەن، خوجايىنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۇنلىرىنى خاتىرىلەشتە ياكى ئىش ھەققى تارقىتىلغان كۇنلەردە ئانچە-مۇنچە ئاشۇرۇپ قويۇلمىسا، باشقا كۇنلەردە ئاشۇرۇش تەس گەپ ئىدى. تاختاي سۇرتىدىغان، تەرەت

تۇڭنى توكىدىغان كۆنلىرى بىرەر قاچا ئۇماش تەگمەيدىغان چاغلارمۇ بولۇپ قالىدۇ. چىلەكنىڭ ئىچى قۇرۇقدىلىپ قېلىپ، بىرىنچى قاچا ئۇماشنى ئۇسالماي، قۇرۇق قاچىنى كوتىرىپ يۇرگەنلەرنى كورگەندە، خوجايىننىڭ خوتۇنى چىلەكنى قازاننىڭ قېشىغا كوتىرىپ ئاپىرىپ، قازاننىڭ تۇۋىدىكى قىسماق ۋە يۇقۇندىلارنى قىرىپ ئېلىپ، چىلەكنىڭ ئىچىگە سالاتتى - دە، ئۇستىگە جۇمەكتىن سوغاق سۇ چۇشۇرۇپ، ئۇ ياق - بۇ ياققا چايقىۋىتىپ، ھىللا باشلىرىنى تاتىلىغان مايلىق قوللىرى بىلەن بىر ئېلىشتۇرۇۋېتىپ، ئاچچىغى بىلەن بۇ ئەرزان، تېخىمۇ كوپ "ئاسراش ھەققى" تەلەپ قىلمايدىغان "ماشىنىلار"نىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ دوق قىلىپ قوياتتى.

— ئولۇمتۇكلەر! قوپۇشماي ئولگۇچە ئۇخلاپ يېتىشسەن، ئوزەڭلەرنىڭ شورى!

بۇنىڭدىن ئون بىر يىل ئىلگىرى ياپونلۇق باشقۇرغان نەيۋاي پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا يۇز بەرگەن گۇ جېڭخۇڭ ۋەقەسىدىن①، بولۇپمۇ بەش يىلنىڭ ئالدىدا يۇز بەرگەن

① گۇجېڭخۇڭ ۋەقەسى — 1925 - يىل 5 - ئايدا، شاڭخەيدىكى ياپونلۇق باشقۇرغان نېيۋاي پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ كاپىتالىستلىرى ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش ھەركىتىنى باستۇر- غاندا، ئىش تاشلاش ھەركىتىنىڭ ئىشچىلار ئىچىدىن چىققان يولباشچىسى كوممۇنىست — گو جېنخۇڭنى ئېتىپ تاشلىغان، شۇنىڭ بىلەن "30 - ماي" پاجىەسى كېلىپ چىققان.

"28-يانۋار" ئۇرۇشىدىن كېيىن، شەرق ئەجنەبىيلىرى فابرىكا ئىگىلىرىنىڭ بۇ ئالاھىدە ئەرزان باھالىق "ماشىنىلار"غا بولغان ئېھتىياجى بىردىنلا ئېشىپ كەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ تىجارەت پىرىنسىپلىرى بىلەن ئىگىلىك قائىدىلىرىگە بەك مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر خىل ئۇسۇلمىش. بۇ قوش تىرناق ئىچىدىكى ماشىنىلار ھەر ھالدا قان بىلەن گۆشتىن پۈتۈپ چىققان كىشىلەردىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ سەۋرى-تاقىتى تۈگەپ، ئەڭ ئېغىر دەرىجىگە بارغاندا، ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، كىشىلىكتە بولۇشقا تېگىشلىك بىر خىل كۈچ-قۇدرەتنى ئۆز ئۆزىدىنلا ئەسلىرىگە ئېلىشاتتى. بەزىدە، نادان "قوللار" بىر باغلام ياي ئوقىنى سۇندۇرغىلى بولمايدۇ دىگەن نەزىرىيەنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىپ يېتىدۇ، ئۇنىڭدىن سوسراق ئىش كورگەنلىرىدە، ئاچقا ئۇلىسمۇ، ئىشلىمەي جاھىللىق بىلەن يېتىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ "تۇراقسىزلىقى"—يېقىنقى زامان سانائىتىنىڭ باشقۇرۇش ئىشىدا ئەڭ يامان ھساپلىنىدىغان بىر شەرت، ئەمما ئۇلار "تۇراقسىزلىق"نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەرسىنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىشقا زادىلا جۈرئەت قىلمايدۇ. مۇستەملىكىلەردىكى ئىشلارنى ئىشلەشكە تەجرىبىلىك بولغان ۋە ئۆزىنى "كوكۇلچەك" دەپ ئاتىۋالغان بىر ياپونلۇق ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە: "بۇ قېتىمقى كۆرەشتە (30-مايدا) ساقچى كۈچى ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ھەيۋىتىنى كۆرسىتەلمىدى. خەلقنىڭ بىرلەش-

كەن كۈچى ئالدىدا، ھېچقانداق كۈچ كارغا كەلمەيدۇ!“ دەپ ئېيتقان. بىراق، ئاخىر نېمە بولدى؟ كۆڭۈلچەكلىكمۇ؟ ياق، ياق! ئۇلار ”تالا ئىشچىلىرى“ (ئادەتتىكى ئەركىن ئەمگەكچى-لەر) ئورنىغا ئەرزان ۋە ”بىرلەشكەن كۈچ“كە ئايلانمىغان ”ئاسراندىلار“نى قويۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى، خالاس.

بىرىنچىدىن، ئاسراندىلارنىڭ جىسمانى ئەركىنلىكى گۆڭگىتۇ خوجايىنلارغا مەنسۇپ بولىدۇ، شۇڭا ئۇلاردا ”ئىشلەش“ ياكى ”ئىشلىمەسلىك“ ئەركىنلىكى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر كۈنلۈك ئىش ھەققى خوجايىننىڭ ئالدىغان پايدىسى بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئاسراندا ئىشچىلار ئاغرىپ قالغان تەقدىر-دىمۇ، خوجايىنلار فابرىكا ئىگىلىرىگە ناھايىتى ئىشەنچلىك ھالدا خىزمەت كورسىتەلەيدۇ، يەنى ئۇلارنى مۇشت، توقماق ياكى سوغاق سۇ سېپىش ۋاستىلىرى بىلەن مەجبۇرى ئىشلىتە-لەيدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ”قومۇش شېخى“نى ئالايلى (ئەمىلىيەتتە، بۇنداق ئەھۋالغا ھەر بىر ئاسراندا ئىشچى دۇچ-كېلىپ تۇرىدۇ)، بىر كۈنى، ناھايىتى سوغاق بولغان بىر ئەتىگىنى ”قوناق شېخى“ توڭلاپ، ئېغىر زۇكامغا ئۇچراپ قېلىپ يېتىپ قالىدۇ. ئۇلارنى بەلگىلىك ۋاقىتقا كەلگەندە، ياتقان يېرىدىن قوپۇرۇۋېتىپ، ئۇ يەرنى ئۇماش ئىچكەندە ئولتۇرىدىغان ئورۇن قىلىپ ئىشلىتىدۇ، ئەمما شۇ كۈنى ”قوناق شېخى“ ھەقىقەتەن ئورنىدىن قوپالماي قالدى، ئۇ ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئاستا-ئاستا شىپىقاپ، ئويىنىڭ بۇرجىكىگە

بېرىپ، مۇمكىن قەدەر ئۇيىنىڭ ئىچىدىن ئورۇن تۇتۇۋالماسلىققا تىرىشىپ، تۇگۇلۇپ كىنا يېتىۋالىدۇ. ئەمما، ئىشچىلار ياتىغىدا ئاغرىپ قېلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ دەم ئېلىش يولىنى ئىختىيارىغىزچە ئىچىشقا بولمايدۇ. دەرھال بىر قارا خىزمەتچى يېتىپ كېلىدۇ. بۇنداق ئىشنى قىلىدىغانلارنىڭ كوپىنچىسى گۇگىتۇلارنىڭ تۇققانلىرى ياكى "جايلاردا" ئانچە-مۇنچە گېپى ئوتىدىغان لۇكچەكلەر ئىدى، شۇڭا ئۇلاردا مۇشۇنداق جايلاردا كىشلەرنىڭ ھايات-ماماتلىغىنى بەلگىلەيدىغان ھوقۇق بار ئىدى. "قوناق شېخى"نىڭ ئۇنى ئالىلقاچان پۇتۇپ قالغان ئىدى، شۇڭا ئۇ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، ماجالى قالمىغانلىغىنى بىلدۇرۇپ، يېلىنىۋاتقان ئىدى.

— يالغان ئاغرىق! قېنى مەن بىر ئەملەپ باقاي!

بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ، شۇنداق بىر كوتىرىپ يەرگە ئۇردىكى، "قوناق شېخى" يەرگە دومىلاپ چۈشتى، ئارقىسىدىن قارا خىزمەتچى كېلىپ بىرنى تەپتى، تەپكەنىدىمۇ ئۇنىڭ پۇتىغا تەپتى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى تېپىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىي ئىدى، بىراق قارا خىزمەتچى دەرھال توختاپ قالدى، كېيىنكى ئاشلاشلارغا قارىغاندا، "قوناق شېخى"نىڭ لوڭگىدە چىقىپ تۇرغان پۇت سوڭگى تېگىپ، ئۇنىڭ پۇتىنى ئاغرىتىۋەتكەنمىش! قارا خىزمەتچى ئاچچىغىدا يەنە بىر ئاسرانىدىنىڭ قولىدىن شىرەنى تازىلاۋاتقان سوغاق سۇنى تارتىۋېلىپ، "قوناق شېخى"نىڭ بېشىغا سېپىۋەتكەنمىش.

بۇ قىش كۈنى ئىكەن، تاشقىرىدا سوغاق شامال چىقىۋېتىپتىكەن، "قوناق شېخى" كۈتۈلمىگەن بۇ سوغاق سۈنىڭ تېگىشى بىلەن، ئەكسى تەسىر قىلىپ، سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىشىك تۈۋىدە چىشىنى يۇيۇۋاتقان خوجايىنىنىڭ خوتۇنى كۆلۈپ كېتىپ شۇنداق دەپتۇ:

— مانا! يالغان ئاغرىق بولماي نىمە بۇ! ساپ-ساق قوپۇپ كېلىۋاتقىنىنى، بىر داس سوغاق سۇ ساقايتتى بۇنى.

بۇ دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋاللارنىڭ بىرلا مىسالى ئىدى.

ئىككىنچىدىن، ئاسرانىدىلارنىڭ ھەممىسى يېزىدىن كەلگەن قىزلار بولۇپ، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ كوپىنچىسى خوجايىننىڭ يۇرتداشلىرى ئىدى، بۇ ھال "باشقۇرۇش" ئۇچۇن ئەڭ قۇلايلىق شەرت ئىدى، فابرىكا ئىگىلىرى ياتاقلارنىڭ ئەتراپىنى قورشاق تام بىلەن ئوراپ ئالغاندىن تاشقىرى، دەرۋازا تۈۋىدىكى ئويگە چاقىرىلغان بىر ساقچىنى قويۇش ۋە دەرۋازىنىڭ سىرتىغا "ياتاق بار جايغا باشقىلارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت يوق" دىگەن خەت يېزىلغان بىر تاختاينى قاداپ قوياتتى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ "يېزا قىزلىرى"نى تاشقى دۇنيادىن ئاجرىتىپ تۇرۇش بىلەن، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تامامەن گۈگىتۇ خوجايىنلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. دىمەك، ئەتىگەن سائەت بەش بىلەن قارا خىزمەتچى ياكى خوجايىنىنىڭ ئوزى فابرىكىغا ئېلىپ كىرىپ، كەچقۇرۇن سائەت ئالتىدە قايتۇرۇپ كەلگىچە، ئۇلاردا "سىرتتىكىلەر" بىلەن ئۇچرىشىدىغان پۇرسەت زادىلا بولمايدۇ.

شۇڭا، ئاسراندىلار بىر خىل ”قاچىلاپ قويۇلغان ئەمگەك كۈچلىرى“ بولۇپ، ئۇلارنى ”بىخەتەر“ ساقلاپ، قاچىلاپ قويۇلغان يەردىن ئىختىيارىچە ئېلىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بۇلاردىن ھاۋاغا ئۇچرىشىش بىلەن ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش خەۋپى تۇغۇلمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئىش ھەققىنىڭ ئەرزانلىقى، ئەلۋەتتە. ئاسراندىلارنى فابرىكىغا گۇڭتۇلار باشلاپ كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ توپلانغاندىن كېيىنكى نامى يەنە ئۆزگىرىدۇ، فابرىكا تەرەپتىن ئۇلارنى ”سىناق ئىشچىلىرى“ياكى ”يېتىشتۈرۈلىدىغان ئىشچىلار“ دەپ ئاتايدۇ. ئىشچىلارنىڭ سىناق ئۈستىدە تۇرىدىغان ۋاقتى فابرىكا ئىگىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىشلەش ئىقتىدارىنىڭ بار-يوقلۇقىنى سىناپ كۆرۈش ۋاقتى ھېساپلىنىدۇ، يېتىشتۈرۈلىدىغان ئىشچىلارنىڭ يېتىشتۈرۈلۈش ۋاقتى ”خام“ ئىشچىنى ”پىشقان“ ئىشچى قىلىپ تەييارلاش ۋاقتى ھېساپلىنىدۇ. دەسلەپكى ئىش ھەققى كۈنىگە 12 سائەت ئىشلەش ھېساۋىغا ئون تىيىندىن ئون بەش تىيىنگىچە تەڭگە پۇل بېرىلىدۇ، دەسلەپكى ئىش دائىرىسى ھېچقانداق تېخنىكا تەلەپ قىلمايدىغان يەر سۈپۈرۈش، پاختا قاپلىرىنى ئېچىش، پاختا توشۇش، قاپتىكىلەرنى بوشىتىشقا ئوخشاش ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن سىم سىخى، پىلتە سىخى ۋە توم يىپ سىخىدا ئىشلەشكە يۆتكىلىدۇ. بۇ فابرىكا ئىگىلىرىنىڭ ئۆز ئېلىدە قاپ يېشىش، پاختا ئېتىش،

سىم سېخىلىرىدا ئادەتتە ئەر ئىشچىلار ئىشلەيدۇ، بىراق شاڭ-خەيدە ئۇلار "جەمىيەت كاشىلىلىرى" ۋە "مەھكىمىلەر نازارى-تى"دىن غەم قىلمايدۇ-دە، ئاياللار ئىشلىيەلمەيدىغان بۇ ئىشلارنى ئىش ھەققى ئەر ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە يەتمەيدىغان ئاسراندىلار ئۈستىگە يۈكلەيدۇ.

كەچقۇرۇن سائەت بەشتە، قايتىش ئۈچۈن چېلىنىدىغان بىرىنچى گۇدۇكنىڭ ئاۋازى بەكمۇ قاتتىق ھوكۇرەپ چېلىنىدۇ. قىزىل خىشتىن ئىشلەنگەن قاچىنىڭ ئاغزى — تومۇر ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا ئۇۋۇسىدىن قويۇپ بېرىلگەن توخۇ-ئۆردەك-لەرگە ئوخشاش بىر توپ كىشە نىسىز قۇللار تىقىلىشىپ-سىقىلىشىپ ئىشىكتىن چىقىشىدۇ. ھەر بىرسىنىڭ قولىدا بىردىن تامغا بېسىلغان دەپتەر بولۇپ، ئۇلار گەپ-سۆز قىلىشمايتتى، گەپ-سۆز قىلىشقاندىمۇ گەپ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ناھايىتى جانسىز چىقاتتى. ئىشىكتىن چىقىپلا، بۇ ئادەملەر ئېقىنى بولۇنۇپ كېتىدۇ، بىرىنچى فابرىكىنىڭ ئادەملىرى كۆن چىقىشقا، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچى فابرىكىلەرنىڭ ئادەملىرى كۆن پېتىشقا قاراپ مېڭىشاتتى. بىرەر يۈز قەدەم ماڭمايلا، ئۇلار يەنە بىر ئېقىنغا — ئوخشاشلا شەرق ئەجنەبىلىرى فابرىكا ئىگىلىرىنىڭ فابرىكىلىرىدا ئىشلەيدىغان "سىرتقى ئىشچىلار"غا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ ئەتراپقا جايلاشقان كىشىلەر بۇ ئېقىننىڭ ئىچىدىكى باشقا-باشقا تەركىپلەرنى ناھايىتى ئاسانلا ئىلغىۋالا-لايتتى. سىرتتىكىلەرنىڭ كىيىملىرى ھەرھالدا رەتلىكرەك

ئىدى، بەزىلىرى ئۈستىلىرىگە چىپاۋ①، پۇتلىرىغا سىرىق ياكى
كوكشۇل رىزىنكە ئاياق كىيىشەتتى، ئون يەتتەـئون سەككىز
ياشلاردىكى قىزچاقلار بەزىدە ئانچەـمۇنچە ئۇپا سۇرتسۇپلـ
شاتتى، ھەتتا چاچلىرىنى بۇدرە قىلدۇرۇۋالغانلىرىمۇ بار ئىدى.
ئاسراندىلاردا مۇنداق تەلەي يوق ئىدى، ئۇلار ئاددىغىنا
قىسقا چاپانلارنى، رەڭگى ئوچكەن ۋە ياغلىشىپ كەتكەن ئاچ
يېشىل ۋە قارا كوك كوڭلەكلەرنى، سىدام ياكى يوللۇق ئىشتانـ
لارنى كىيىشەتتى. چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇۋېتەتتى، نۇرغۇنلىرى
تېخى ئورۇۋالاتتى. تېگىلىش سەۋىيى بىلەن چوڭلىيالماي
قالغان پۇتلىرىغا كونىراپ جۇلىغى چىققان لاتا كەشلەرنى
كىيىشەتتى، شۇڭا ماڭغاندىمۇ سەل ئاقساپ مېڭىشاتتى. بۇ
ئىككى خىل ئادەملەر يولدا كېتىۋېتىپ، ناھايىتى ئاز سوزلىشەتـ
تى. پاسكىنىلىقى، سەھرالىقلىقى، تومپايلىقى، سوزىنى ئۇقۇشالـ
ماسلىقىمۇ ئۇلارنىڭ يېقىنلىشىپ كېتەلمەسلىكىنىڭ سەۋىيى
بولسا كېرەك. ئۇزلىرىنى بەك ئۈستۈن چاغلاش ۋە باشقىلارنى
ئورۇنسىز كەمسىتىش — "سىرتتىكى ئىشچىلار"نىڭ كاللىسىدا
ئاڭسىز ھالدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نەرسە ئىدى. ئۇلار: بىزنىڭ
سىلەرنىڭكىدىن بىر خىل ئەركىنلىكىمىز ئارتۇق، بىر خىل
ھوقۇقىمىز ئارتۇق دەپ ئويلايتتى، — مانا بۇ ئاچ قالسىمۇ ماقۇل
دەيدىغان ئەركىنلىك ئىدى، خالىغان چاغدا باشقا فابرىكىغا

① چىپاۋ — ئاياللار كىيىدىغان ئۇزۇن كوينەك. — ت.



www.uyghurkitap.com

يوتكەلگىلى بولىدىغان ۋە ئىشلەمسىمۇ ئىختىيار ئۆزىدە بولىدىغان ھوقۇق ئىدى.

قىزىل قىشلىق جانىۋار ئۆز يېمىنى كۆتۈپ، ئاغزىنى ھاپ قىلىپ ئېچىپ تۇراتتى. ئىشىككە قارايدىغان ھىندى ساقچىلىرى① ئىشىك بېقىپ تۇراتتى، ئىشىكنىڭ يېنىدىكى ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى تەقدىم قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن گۇۋا- نامىنى چىقىرىپ كۆرسىتىشەتتى، ئاسراندىلار تامغا بېسىلغان بىر دەپتەرنىلا كۆرسىتىشەتتى، سىرتقى ئىشچىلار دەپتەردىن باشقا يەنە سۈرىتى چاپلانغان بىر پارچە كىرىش گۇۋانامىسىنى كۆرسىتىشەتتى. بۇ گۇۋانامە ئون بىر يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالغان ئىدى. گۇ جىنخۇنىڭ ۋەقەسىدىن كېيىن، نېيۋاي پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىش تاشلاش بولدى، ئەمما باشقا شەرق ئەجنەبىلىرى فابرىكىلىرىدا يەنە بىر قىسىم ئىشچى- لار تېخى ئىشلەۋاتاتتى، شۇڭا شاڭخەينىڭ كۆن پېتىش يېقىدىكى فېنتيەن فابرىكىسىغا نېيۋاي توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ نۇرغۇن

---

① ھىندى ساقچىلىرى — ئۇ چاغلاردا شاڭخەيدە نۇرغۇن جاھانگىر ئەللەر ئاچقان دۇكان، زاۋۇت ـ فابرىكا ۋە باشقىلارنىڭ ھەممى- سىدە ھىندىلار ئىشىك ساقچىسى قىلىناتتى. چۈنكى ئۇ چاغدا ھىندىستانمۇ جاھانگىرلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان دولەت بولۇپ، جاھانگىر ئەللەر ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىيازلىرىدىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم ھىندىلارنى قۇل قىلىپ، ئۆز ئىشلىرىغا سالاتتى.

ئىشچىلىرى كىرىۋېلىپ، ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ، جاسارەت بىلەن بىر قېتىم ئىش ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، فېڭتيەن فابرىكىسىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، ئىشچىلارنىڭ فابرىكا ئىشىگىدىن كىرگىچە مانا مۇشۇنداق سۇرەت چاپلانغان گۇۋانامىنى كورسىتىپ كىرىشى كېرەكلىكى بەلگىلىنىپ قالغان. — بۇنداق تۇزۇم شەرق ئەجنەبىلىرى فابرىكىلىرىغا خاس نەرسە بولۇپ، جۇڭگو فابرىكىلىرىدا يوق ئىدى. ئەلۋەتتە، ئەنگلىيە فابرىكىلىرىدا، مەسىلەن، يىخې فابرىكىسىدا ئىشچىلار فابرىكىغا كىرگەندە تېخى ئۇزىنىڭ تۇققانلىرىنى ياكى ئوغۇل-قىزلىرىنى ئىختىيارىي ئالغاچ كىرىپ ئۇگىنىشكە قوياتتى (ئىش ھەققى بېرىلمەيتتى، ئەلۋەتتە) يىخې فابرىكىسىدا قەيەردىلا بولمىسۇن يەتتە-سەككىز ھەتتا بەش-ئالتە ياشلاردىكى بالا ئىشچىلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى، بۇلار ئىش ھەققى ئالمايدىغان "تارتۇقلار" ئىدى.

كىيىم پۈتۈپ چىققىدىغان ئورام-ئورام يىپلار، پايپاق توقۇلىدىغان بىر تال-بىر تال يىپلار بەدەنگە چىققاندا شۇنداق سىلىق ۋە يېقىملىق تۇرىدۇ. بىراق، پاختىنى ئىگىرىپ مۇنداق يىپقا ئايلاندۇرۇش جەريانى كىيىم كىيگەن ۋاقىتتىكىدەك ئۇنداق يېقىملىق بولمايدۇ. توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنى بېشىدىكى ئۈچ چوڭ خەۋپ، — غاژژا-غۇژژاڭ، چاڭ-توزاڭ ۋە نەملىكتۇر.

ياڭشۇپۇغا بارىدىغان تىراموۋاي چىچىخار كوچىسىدىن ئوتكەندە،

شارىلداپ يېغىۋاتقان قارا يامغۇر بىلەن گۈلدۈر-قاراس چېقىن ئاۋازىنىڭ بىرلىشىپ كېتىشىدىن چىققاندەك بىر خىل ئاۋازنى ئاڭلايسىز. فابرىكىغا كىرىش بىلەنلا، قۇلاقنى يارىدىغان غاژژا-غۇژژاڭ شاۋقۇنلار بىردىنلا قۇلىقىڭىزنى ئاڭلىماس قىلىۋېتىدۇ، — ياق، قۇلىقىڭىز پۈتۈپ قالىدۇ، موتورلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى، تاسما باغلارنىڭ پاقىلداشلىرى، ئۈرچۈقلارنىڭ غىقىراشلىرى، چاقلارنىڭ غوڭۇلداشلىرى... — مانا بۇلار ئادەمنى يىرگىندۈرىدىغان ئاۋازلار بولۇپ، بۇ يەردە سىز ئۆزىڭىزنى خۇددى قىزىل خىش تاملىق فابرىكا ئۆيلىرىگە دۈملىنىپ قالغاندەك سېزىسىز، بۇنىڭ قانداق ئاۋاز ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمايسىز، سىزدە بۇ ئاۋازلارنى ئايرىۋالغۇدەك ماجالمۇ قالمايدۇ. يىپ ئىگىرىش سېخىدىكى "غالتەكچى" (يىپنى غالتەككە ئوراشقا پىشقان مەلىكىلىك ئىشچى) بىلەن "تاڭگۇەر" (ئايلىنىپ باشقۇرىدىغان يۇقۇرى دەرىجىلىك ئايال ئىشچى، ياپونلار ئۇنى "جيەنخۇي" دېيىشىدۇ) ئىشچىلارغا بۇيرۇق قىلغاندا، گەپ قىلمايدۇ، ئىشارەتمۇ قىلمايدۇ، بەلكى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان پۈشتەكنى چالىدۇ، چۈنكى بۇنداق غاژژا-غۇژژاڭنى قاتتىق چېلىنغان پۈشتەكنىڭ ئاۋازىدىن باشقا نەرسىنىڭ ئاۋازى باسالمايدۇ.

چاڭ-توزاڭ، بۇنىڭ دەردى تېخىمۇ يامان. ئىنچىكە يىپ، توم يىپ ئىگىرىش سېخلىرىدىكى بوشلۇقلاردا سان-ساناقسىز "پاختا توزۇندىلىرى" ئۇچۇپ يۈرىدۇ، يەر سۈپۈرىدىغان ئايال ئىشچىلار سۈپۈرگىلىرىنىڭ بىر ئۇچىنى يەردىن ئاجراتماي،

www.uyghurkitap.com

خۇددى تاختاي سۈرتكەندەك سۈرتۈپ يۈرىدۇ، بىر ئادەم ئىككى ئىگىرىكنىڭ ئارىلىقىنى توختىماي ئادالاپ تۇرسىمۇ، قار ئۇچقۇندىلىرىغا ئوخشايدىغان پاختا توزۇندىلىرى ئوخشاشلا دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ. پاختا ئېتىش سېخى، قاپ سوكۇش سېخى ۋە سىم سېخىدىمۇ تېخىمۇ شۇنداق. قاپ سوكۇش سېخىنىڭ ئىشى تايلانغان پاختىلارنىڭ ئىچىنى ئېچىپ، قول بىلەن تىتىپ، ئىچىدىكى ئارىلاشمىلارنى تاللاپ چىقىرىۋېتىشتۇر؛ بۇنداق ئىشنى ئەمدى ئەجنەبىلەر فابرىكىلىرىدا پۈتۈنلەي ئاسراندا ئىشچىلارغا قىلدۇرىدىغان بولۇپ قالغان، چۈنكى ئۇلار ”گەپ ئاڭلايدۇ“، باشقىلار قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلىۋېرىدۇ. بۇنداق سېخلاردا قانداقلا كىيىم بولمىسۇن، بىر دەمنىڭ ئىچىدە سۈپسۈر بولۇپ كېتىدۇ. ئادەمنى كولدۇرلىتىدىغان شەيتانچاقلارغا ئوخشاش ئۇينىڭ ئىچىدە ئۇچقۇنداپ يۈرىدىغان توزۇندىلار ئۇلارنىڭ كوز، قۇلاق، بۇرۇن ۋە ئېغىزلىرىغا كىرىپ تۇرىدۇ، چاچ، بۇرۇن، كىرپىك ۋە تېرىدىكى ھەر بىر توشۇك بۇ توزۇندىلارنىڭ قونالغۇسى بولۇپ قالغان؛ بۇ توزۇندىلار ئادەمنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىۋالغاندا، ئادەم قانداق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ تازا ئىشلەپ تەرگە چومگەن ۋاقتىڭىزدا بىر كىشىنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىپ، پوغۇندا قاچىلانغان ياستۇقنى چۇۋۇپ پۇلاڭلاتسا، پوغۇندىلارنىڭ پۈتۈن بەدىنىڭىزگە چاپلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقسىڭىز بولىدۇ! يىپ ئىگىرىش فابرىكىسىدىكى ئايال ئىشچىلاردا ساغلام چىراي يوق،

تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، 12 سائەت ئىشلەيدىغان ھەر بىر ئىشچى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 0.15 گىرام توزۇندا سۈمۈرۈپ تۇرىدىكەن.

نەملىكنىڭ دەردىمۇ يىپ ئىگىرىش فابرىكىسىدىكى ئىشچىلار — بولۇپمۇ توقۇما ئىشچىلىرى ئۈچۈن ئەڭ زور خەۋپ. ئۇلار ھەر كۈنى ئىسسىق ھورغا پۈلىنىپ، دىمىق قاپاقىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. پاختا يىپنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە ئېيتقاندا، كېڭىشىش كۈچى بىلەن نەملىك دەرىجىسى توغرا تاناسىپ بولىدۇ. تۇزرەك ئېيتقاندا، پاختا يىپنى نەم ھالەتتە ئۈزمەك تەسرەك بولىدۇ، شۇڭا، سېخقا ھور پۈركۈگۈچ ئورنىتىلىشى شەرت. توقۇمىچىلىق سېخىدا، ھەر بىر ئىگىرىكىنىڭ بېشىدا بىردىن ھور چېچىپ تۇرىدىغان توشۇك بار بولۇپ، قولنى چىقارسا بارماقلار كورۈنمەي قالىدۇ، ئۇدۇلدىكى ئادەمنى كور-گىلى بولمايدۇ! بەدەندە پاشا ياكى چۈسى چېقىۋالغان ياكى ماشىنىغا تېگىپ كېتىپ يارىلانغان يەر بولسا، دەرھال شەلۋەرەپ چىقىدۇ. يازنىڭ قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان كۈنلىرىدىكى 115—116 دەرىجىلىك ھارارەتتە ئىشلىگەن ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى "سىرتتىكىلەر" ھەرگىز ئويلاپمۇ يېتەلمەيدۇ.

بۇ تەبىەت ھادىسىسى بولسا كېرەك، بىر خىل جانىۋار بۇنداق ئۇچ خىل خەۋپ ئاستىدا ئىشلىسە، ئۇ تېزلا چارچاپ قالىدۇ، بولۇپمۇ كېچىلىك ئىسمىنىدا ئىشلىگەندە، ئۇگدەيدىغان ئىشلار بولمايدۇ، چۈنكى يىرتقۇچلاردەك، تومۇردەك قاتتىق

زالىم سىزگە بېقىپ يۈرىدۇ، ئۇلىغان يىپ ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئۈرچۈقنىڭ قېپى يېرىلىپ كەتسە، تاسما تۈلۈقنىڭ ئورنى جايىغا قويۇلماي قالغان بولسا ھەتتا ئىگىرىكنىڭ ئاختىسىغا بىرنىمىلەر دوۋىلىنىپ قالغان بولسا، "نامۇۋپىن" (گۇڭتۇ) بىلەن "كىچىك تاڭگۇەر"نىڭ تىل-تاياقلىرى يېغىپ كېتىدۇ. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇرۇش-سوقۇش ئىشلىرى بارا-بارا ئازىيىشقا باشلىغان، بىراق، بۇنداق "بەخت" پەقەت "سىرتقى ئىشچىلار" بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. نامۇۋپىنلار بىلەن كىچىك تاڭگۇەرلەر ئادەم ئۇرسا، دەرھال بىر سىپتىكى ئىشچىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، نەق مەيداندا چاتاق چىقارمىغىنى بىلەن، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، "ئاغىنە چاقىرىش"، "يوسۇنلىشىش" ۋە "كومەكلەشمەك"① خەۋپلىرى بولۇپ تۇرىدىكەن، ئەمما، ئاسراندىلارنىڭ كومەكلىشىدىغان "ئاغىنىلىرى" يوق. ئۇلارنى ھەممىسىلا بوزەك قىلالايدۇ، ھەممىسىلا كوزىگە ئىلمايدۇ، ئۇلار ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى "چۈپۈرەندىلەر" ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار نامۇۋپىنلار بىلەن كىچىك تاڭگۇەرلەرنىڭ ئاچچىغىنى چىقىرىدىغان ۋە ھەيۋىسىنى كورسىتىدىغان ئادەملىرى. يىپ ئىگىرىش فابرىكى-

① "ئاغىنە چاقىرىش"، "يوسۇنلىشىش" ۋە "كومەكلەشمەك" — كونا جەمىيەتتە گۇرۇھ مەزھەپلەر ئارىسىدىكى جېدەل-ماجرالارنى ھەل قىلىشتىكى ئۇسۇللار بولۇپ، ئىشچىلار گۇڭتۇلارغا قارشى كۈرەش قىلغاندا، بۇ ئۇسۇللاردىن پايدىلانغان. — ت.

سدا، "ئىشنى بۇزىدىغانلار"غا بېرىلىدىغان جازا تەخمىنەن، ئۇرۇش، ئىش ھەققىنى ئازايتىش ۋە "ئىشتىن توختىتىش" دىگەن ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ، بۇنداق بولغاندا، ئاسرانديلارنىڭ ئىگىسى ـــ ياللامچى خوجايىنلارنىڭ مەيدانىدىن قارىغاندا، كېيىنكى ئىككى خىل جازا ئۇلار ئۈچۈن بەك زىيانلىق. ئىش ھەققى جازاسى بېرىش دىگەنلىك ئۇلارنىڭ ئالىدىغان پايدىسىنى ئازايتىۋېتىش دىگەنلىكتۇر، ئىشتىن توختىتىپ قويۇش جازاسى بېرىلسە، ئۇلار ئۈچۈن پايدا ئېلىش تۇگۇل، بەلكى ئىككى قاچا ئۇماش بىلەن بىر چىنە ئاشنى ئۇستەكلەپ بېرىشكە توغرا كېلىپ قالىدۇ، شۇڭا گۆكتۇلار ھېچقانداق ئويلاپ ئولتۇرماستىن، ئۇرۇش چارىسىنى قوللىنىشقا ئۇرۇنىدۇ. ھەر يىلى ھېيت ـ ئايەم ۋە بايرام ـ چاغانلاردا گۆكتۇلار ناموۋېنلارغا سوغا ـ سالام ئاپارماي قالمايدۇ، ئۇ چاغدا ئۇلار ناموۋېنلارغا توققۇز تازىم قىلىپ، شۇنداق دىيىشىدۇ:

ـــ ياردەم قولىڭىزنى سوزۇڭ. بىزدەكلەرگە قاراپ قويۇڭ، بىزنىڭ قىزلارنى قانداق ئۇرساڭلار مەيلى، ئۇلۇپ قالسىمۇ ھېچقىسى يوق، ئىش ھەققى جازاسى بىلەن ئىشتىن توختىتىپ قويۇش جازاسىنى بەرمىسىڭىزلەرلا بولىدۇ!

ئۇلۇپ قالسا ھېچقىسى يوق. بۇنداق ئەھۋالدا، "ئاسراندىلار"نى "ھەممە كىشى بوزەك تاپالايدۇ" ئەلۋەتتە. بىر قېتىم، كىچىك فۇزى دەپ ئاتىلىدىغان ئاسراندا ئىشچى رەتلەپ قويۇلغان پارچە ـ پۇرچە يىپلارنى قاچىلاپ بولالىمىغان ئىكەن،

ناموۇېن تازا ئۇرغلى تۇرۇپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ بەختىگە قارشى، بىر "ئەجنەبى خوجايىن خوتۇن" كېلىپ قاپتۇ. ناموۇېن بۇ ئەجنەبى خوجايىن ئالدىدا ئۇزىنىڭ ھەيۋىتىنى كورسىتىش ۋە "ئەجنەبى خوجايىن خوتۇن"غا ئۇزىنىڭ ئاسراندا ئىشچىلارنى قاتتىق تۇتىدىغانلىغىنى بىلدۇرۇش ئۇچۇن، كىچىك قۇزىنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئەجنەبى خوجايىن خوتۇن، بۇنداق "مەدىنىيەت"سىز ئۇرۇشنى ياقتۇرمىغانلىغىدىن ياكى تېخىمۇ مۇۋاپىقراق بىر خىل جازالاش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرماقچى بولغانلىغىدىن بولسا كېرەك، بۇ ھالغا بىر دەم قاراپ تۇرۇپ، ئاسراندا ئىشچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىغىدىن تۇتۇپ، ئۇنى ئامانلىق جۇمگىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى تامغا قارىتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ، ناموۇېنمۇ بىللە كېلىپ، خوجايىن خوتۇننىڭ كوڭلىدىكىنى بىلگەندەك، يەردىن تاسما باغنىڭ تەخسىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا يامان نىيەت بىلەن قويۇپ قويۇپتۇ، ئەجنەبى خوجايىن خوتۇن چۈشەنگەندەك قىلىپ كۇلۇپتۇ:

— بۇ قىز يامانراق قىز ئىكەن! ھورۇن!

ناموۇېنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا مۇقام بىلەن زورمۇ-زور دوراپ:

— تاسما باغنىڭ تەخسىسىنى بېشىغا ئېلىپ قويسا، ئۇگىدىمەيدۇ! — دەپتۇ.

بۇنداق "مەدىنى" جازا بەزىدە سىزنى ئىككى سائەتتىن

ئارتۇق تۇرغۇزۇۋېتىدۇ. ئىككى سائەت ئىشلىمەي، بىر كۈندە ئىشلەشكە تېگىشلىك "ئىش"نى قىلىپ چىقىرالمسا، ئىش ھەققى ئازلايدۇ-دە، گۆشتۇ خوجايىنىنىڭ تايىغىغا قالىدىغان ئەھۋالمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇرۇش-سوقۇشتىن باشقا، يەنە ئاچ قويۇش، ئېسىش، قاراڭغۇ ئويگە قاماپ قويۇشقا ئوخشاش ئۇسۇللارمۇ بار.

ئەمەلىيەتتە، ناموۋېنلار سىرتقى ئىشچىلارغىمۇ ئانچە يۇمشاق-لىق قىلىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى، ئۇرۇش-تىللاشتىن باشقا، يەنە تېخىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىدىغان ئۇسۇللار بار. مەسىلەن، سىزگە ئەتەي تەس "ئىشلار"نى يۈكلەپ قويىدۇ ياكى سىزنى ئۆزىڭىز خالىمايدىغان ئىشلارغا ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ، شۇڭا، بەزى سىرتقى ئىشچىلار ناموۋېنلارنى سوغا-سالام بىلەن ئاغزىنى ياغلاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەت بېرىلىشىنى ئىستەيدۇ. ئۆزىنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە كەلگەن پۇل ئارقىلىق گۆشتۇلارغا خوشامەت قىلىش ئۇلار ئۈچۈن تەسكە چۈشىدىغان بىر ئېغىر يۈك، لېكىن، ئاسراندىلاردا سوغا-سالام قىلغۇچە-لىكمۇ ھوقۇق يوق! سىرتقى ئىشچىلار بۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى يۈكلەردىن قاخشاپ يۈرگەندە، ئاسراندا ئىشچىلار بولسا ئۆز ئالدىغا پۇل خەجلەپ، گۆشتۇلارغا پارا بېرىدىغان ھوقۇقتا زوقمەن بولۇپ يۈرىدۇ!

ئۆزگىچە بىر خىل غەمخورلۇقنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، ئەرزان باھالىق ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئۇزۇق ئېلىپ، جۇڭگودىكى شەرق ئەجنەبىلىرى فابرىكىلىرى ناھايىتى تېز لا سەمرىپ كەت-

كەن. پەقەت مۇشۇ فۇلىڭ كوچىسىدىكى شەرق ئەجنەبىلىرى فابرىكىسىنىلا ئالساق، گۇاڭشۇنىڭ 28 ـ يىلى سەنجىڭلار سىستېمىسىنىڭ كاپىتالى داچۇن يىپ ئىگىرىش فابرىكىسىنى سېتىۋېلىپ قۇرغان 1 ـ فابرىكىنىڭ ئۇرچۇغى باشتا 20 مىڭغا يەتمەيتتىكەن، 30 يىل ئۆتكەندىن كېيىن بولسا، ئۇلار 6 يىپ ئىگىرىش فابرىكىسى، 5 گەزلىمە فابرىكىسى، 250 مىڭ ئۇرچۇق، 3 مىڭ توقۇش ماشىنىسى، 8 مىڭ ئىشچى ۋە 12 مىليون يۈەنلىك كاپىتالغا ئىگە بولغان. ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ ئېمېسونىڭ دوستى داۋىد. سۇرۇ ئۆزىنىڭ بىر كىتاۋىدا، ئامېرىكا تومۇر يولىنىڭ ھەر بىر ياستۇق ياغىچىنىڭ ئاستىدا بىردىن ئىرلاندىيە ئىشچىسىنىڭ جەسىدى ياتىدۇ دىگەن، مەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىپ، شەرق ئەجنەبىلىرى فابرىكىلىرىنىڭ ھەر بىر ئۇرچۇغىنىڭ ئۈستىگە بىردىن جۇڭگولۇق قۇلنىڭ گۇناسىز ئەرۋاھى چاپلانغان دىمەكچىمەن!

”28 ـ يانۋار“ ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سىياستى يەنە ئۆزگەردى، ئەمگەك سىجىللىقىنى كۈچەيتىش ئەنە شۇنىڭ بەلگىسى. تىزىملانغان سانلار مۇشۇ توت يىلدىن بۇيان ئۇرچۇق بىلەن توقۇش ماشىنىسىنىڭ ئاشقانلىقىنى، ئىشچىلار سانىنىڭ بولسا كېمەيگەنلىكىنى كورسىتىدۇ. بىراق، بۇ ئازىيىپ بارغان ئىشچىلارنىڭ ئىچىدە ئاسىراندىلارنىڭ تەركىۋى ناھايىتى تېز ئېشىپ بارغان. ئالايلۇق، ياڭشۇپۇ كوچىسىدىكى مەلۇم بىر فابرىكىنىڭ پىلتە سېخىدا، 32 ئايال ئىشچىنىڭ 24

نەپىرى ئاسرىاندا ئىشچى ئىكەن، ئومۇمى نىسبەتمۇ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەڭ ئاز مىقداردىكى تەخمىنى سان 50 پىرسەنت بويىچە ھىساپلىغاندىمۇ، شەرق ئەجنەبىلىرىنىڭ پۈتۈن شاڭخەيدىكى 30 فابرىكىسىدىكى 48 مىڭ ئىشچى ئىچىدە، فابرىكا ئىگىسى بىلەن ياللامچى گۈڭتۇغا ئىشلەپ بېرىدىغان قات ئىشلەمچى ئاسراندىلار ھامان 24 مىڭدىن ئارتۇغىنى ئىگەللەيدۇ!

ئىلمىي باشقۇرۇش ۋە ماشىنىلارنى ياخشىلاش ئارقىلىق توم يىپ سېخىدا بۇرۇنقى بىر ئىگىرىگىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئەمدى بىر ”قاتار“نى باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى؛ ئىنچىكە يىپ سېخىدا بۇرۇن ھەر بىر كىشى 30 ياغاچ نونى باشقۇراتتى (ھەر بىر نودا 8 ئۇرچۇق بولىدۇ)، ئەمدى 100 نونى باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى؛ توقۇش ماشىنىسىدا بۇرۇن ھەر بىر كىشى 5 ماشىنىنى باشقۇراتتى، ئەمدى 20 دىن 30 غىچە ماشىنىنى باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. كورۇنۇشتىن قارىغاندا، ئىشلىگەن ئىشنىڭ سانى بويىچە ھىساپلىغاندا، مەھسۇلات ئاشسا، ئىش ھەققى ئاشىدىغاندەك كورۇنىدۇ، ئەمىلىيەتتە ئىش ئۇنىداق ئاددى ئەمەس. ئىش ھەققىنىڭ بىرلىك باھاسى نەچچە يىلدىن بۇيان بىر ھەسسىدەك ئازىيىپ كەتتى. توم يىپ ئىگىرىشنى ئالساق بۇرۇن ھەر بىر ”ھېنىس“ (840 مېتىر)نىڭ بىرلىك باھاسى 8 تىيىن ئىدى، ئەمدى 4 تىيىنگىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا، ھەر بىر كىشى بىر ئىگىرىگىنى باشقۇرۇپ، 12 سائەت ئىشلىسە، بۇرۇن 8 ”ھېنىس“كە 64 تىيىن ئالالايتتى،

ئەمدى ئىككى ئىگىرىكنى باشقۇرۇپ، 16 "ھېنىس"كە ئىشلىسە، ئالىدىغان ئىش ھەققى ئاران 48 تىيىن ئوپچورىسىدە بىرنىمە بولۇپ قالغان. ئاسراندىلار ئۇچۇن ئىش ھەققىنىڭ قانچىلىك بولۇشى ئۇنىڭ "ئوزى" بىلەن باغلىنىشسىز، ئىش شۇنداقكەن، بۇ ئېكسپىلاتاتسىيە ياللامچى گۇڭتۇنىڭ ھىساۋىغا يېزىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىككى قاچا ئۇماش بىلەن بىر قاچا ئاش، 12 سائەت ئىشلەش، ئەمگەك سىجىللىغىنىڭ كۇچەيتىلىشى، فابرىكا ئويلىرى بىلەن خوجايىنىنىڭ ئويىگە قىلىپ بېرىلىدىغان خالىسانە ئەمگەك، چوشقا كۇچۇگىگە ئوخشاش ياشاش، لايىدەك يۇغۇرۇپ-گوش بىلەن قاندىن ياسالغان "ماشىنا" بەرىبىر پولات-تومۇردىن ياسالغان ماشىنىغا ئوخشىمايدۇ، سىپتىش خىپتىغا ئېنىق يېزىلغان 3 يىللىق مۇددەتنى تولۇق توشقۇزالايدىغانلار 3 تىن ئىككى ئۇلۇشكە يەتمەيتتى، چىغى. ئىشلەيدۇ، ئىشلەيدۇ، ئاجىزلاپ ماغالماس ھالغا يەتكىچە ئىشلەيدۇ، ئورۇقلاپ-ئورۇقلاپ، پۇت قوللىرى قوناق شېخىدەك بولۇپ قالىدۇ، بەللىرى پۇكۇلۇپ يايىدەك بولۇپ قالىدۇ، چىرايلىرى ئولگەن ئادەمنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ قالىدۇ! يوتۇلىدۇ، ھاسىرايدۇ، سوغاق تەرلەيدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئىشلىمەي ئامالى يوق. "قوناق شېخى"نى ئالايلى، ئۇنىڭ تېنى ئورۇقلۇقتىن ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر نەرسىگە ئوخشاپ قالغان، ئىشتىن قايتقاندا، فابرىكا ئىشىگىنىڭ ئالدىدا "بەدەن تەكشۇرگۇچى خوتۇن" (ئايال ئىشچىلارنىڭ بەدىنىنى

تەكشۈرگۈچى ئايال)مۇ ئۇنىڭ بەدىنىگە قولىنى تەككۈزۈشتىن يىرگىنىدۇ.

— مايلىق يېپىتىن بىر-ئىككىنى چەگسۇن! سوڭەككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ سوڭىكىنى سىلىساڭ جويلۇيسەن!

لېكىن، ياللامچى خوجايىن جويلۇشتىن قورقمايدۇ! بىراۋ بەك سەت بولغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ خوجايىنىغا:

— مەسىلەن، بىرەر ياخشى ئىش قىلسىڭىز بولىدۇ، ئۇنى قويۇۋېتىڭ! — دىسە، ئۇ:

— قويۇۋېتىڭ؟ بولىدۇ! مېنىڭ 20 كويچىنىمنى، ئىككى يىلنىڭ بۇياقى بەرگەن ئاش-تامىقىمنى، ئوي ھەققىنى قايتۇرسۇن، — دەيدۇ. ئۇ بۇ گېپىنى ئىختىيارىچىلا دەپ بولۇپ، كەينىگە قاراپ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدى.

— پۇلنى قايتۇرماي، كېتىمەن دەپ قۇرۇق خىيال قىلمىسۇن! كېپەنلىكىنى تولىسەم تولەيمەنكى، ئولگۈچە ئىشلەتمەي قويمايمەن!

"قوناق شېخى"نىڭ ھازىرقى ئىش ھەققى ھەر كۈنىگە 38 تىيىندىن توختايدۇ، بۇنى ئوتكەن يىلقى ئىش ھەققى 32 تىيىنگە سېلىشتۇرۇپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئوتتۇرىچە سانىنى چىقىرىپ، ئىككى يىللىق ئىش ۋاقتىغا چاققاندا، ياللامچى خوجايىن ئۇنىڭ ھىساۋىدىن ئەملىيەتتە 230 كوي كىرىم قىلغان بولىدۇ!

يەنە بىرسى بار، ئۇنىڭ ئېتىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئۇ بۇن-

داق تۇرمۇشقا چىدىماي، بىرمۇنچە ۋاقىتنى چىقىرىپ، چۈش-تىن ئىلگىرىكى 15 مىنۇتلۇق ھاردۇق ۋاقتىدا، تولدۇرما مەك-تەپتە ئوقۇيدىغان بىر سىرتقى ئىشچىغا ئوغرىلىقچە بىر پارچە خەت يازدۇرۇپ، ئاتا-ئانىسىغا يوللاپتۇ، ماركىنى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان بىر ئايال ئىشچى ئېلىپ بەرگەن بولسا كېرەك. بىر ئاي ئۆتۈپتۇ، جاۋاپ كەلمەپتۇ، ئۇنىڭ ئىچى تىت-تىت بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇ، ئاتام شاخەيگە كېلىپ مېنى ئېلىپ كەتسە كېرەك دەپ تاما قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئەمما خەت خوجايىنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئىشتىن چۈشۈپ، ياتاققا قايتىپ كېتىۋاتقاندا، خوجايىن بىلەن ئىككى قارا خىزمەتچى كېلىپ ئىشىكنىڭ تۈۋىدە تۇرۇۋاپتۇ. قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، يۈزىنىڭ گۆشلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن خوجايىن كاپ قىلىپ، ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇپتۇ-دە، تېپىپ، ئۇرۇپ، سىلكىشلەپ، تىل-تۆكۈرۈككە كۆمۈپ تاشلاپتۇ!

— ۋۇ جالاپ! قانچىلىك نىمەڭگە مېنىڭ يولۇمنى ئۈزمەكچى سەن!

— ۋاي قانجۇق، بىر كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق قارنىڭدىن تېشىپ چىقتىمۇ!

— جېنىڭنى ئېلىپ، ئەلكۈنگە ئىبرەت قىلمىغىنىمنى كور!

— خەتنى كىم يېزىپ بەردى، ئېيت، ئېيت!

ئېقىۋاتقان قان، ئېچىنىشلىق نالە-پەريات پۈتكۈل ياتاق بىناسىنى قورقۇنچقا ساپتۇ، ھەممە كىشىنى تىترەك بېسىپتۇ،

بۇ راستىنلا بىر ئۇرنەك بوپتۇ. ئۇرۇپ-ئۇرۇپ تالغاندىن كېيىن، ئۇنى خوجايىن خوتۇنىنىڭ بالىخانىسىغا ئېلىپ چىقىپ بىر كېچە ئېسىپ قويۇپتۇ. بۇ كېچىسى جان ئۇزۇش ئالدىدىكى ئىڭراشتىن باشقا، ھېچقانداق ئاۋاز چىقماپتۇ. مىڭلىغان قۇللار كېچىچە ئاھ ئۇرۇپ ئۇزلىرىنىڭ تەقدىرى ئۇستىدە ئېچىنىپ ئوكۇنۇپ چىقىپتۇ.

كىشلەرنىڭ تەن تۇزۇلمىسى بەزىدە ھەقىقەتەن يوچۇنراق بولۇپ قالىدۇ. سېمىز، بېجىرىم ئادەملەر كوپىنچە بىر تال كەندىرنىڭ شېخى سۇنغاندەك، بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ئولۇپ كېتىدۇ، "قوناق شېخى"دەك ئادەملەر بولسا، كونىمۇ-كون ئوگۇلۇپ بارىدۇ. ھەر بىر مىنۇتتا ئولۇم خەۋپى بولۇپ تۇرىدۇ، ئەمما "قوناق شېخى" ئۇ يەردە تېخىچىلا يىقىلماي تىك تۇرۇپتۇ. ئىككى قاچا ئۇماش بىلەن بىر چىنە ئاش، غازژا-غۇژژاڭ، چاڭ-توزاڭ ۋە نەملىك ئىچىدە 12 سائەت ئىشلەش ئۇنىڭ تېرە-سوڭەكلىرى ئارىسىدا قېپقالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچا قېنى تۇگىگىچە بىلىنەر-بىلىنمەس، ئەمما تەرتىپ بويىچە قايتىلىنىپ داۋام قىلىپ تۇرىدۇ.

مەن قىزلارنى ئاسراش يولى بىلەن پايدا تاپىدىغان بۇ تۇزۇمنى كورگەندىن كېيىن، ئىختىيارسىز ھالدا بالىلىق چاغلىرىمدا كورگەن بىر ئىشنى-كىمچىلەرنىڭ بېلىقچى قۇشلارنى بېقىپ بېلىق تۇتىدىغانلىقىنى ئېسىمگە كەلتۇردۇم. قاغىغا بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ يوچۇن بېلىقچى قۇشلار كىمىنىڭ

بېقىندا قاتار تىزىلىپ تۇرۇشىدۇ، ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى تار تماق چىگە بىلەن باغلاپ قويىدۇ، ئۇلار سۇغا چۈشۈپ بېلىق تۇتۇپ، سۇدىن چىققاندا، كېمىچى ئۇلارنىڭ بويىنىنى بوشقىنا سىقىدۇ. ئۇلار ئاغزىدىكى بېلىقنى چىقىرىدۇ، يەنە بېلىق تۇتىدۇ، تۇتقاندىن كېيىن يەنە ئاغزىدىن چىقىرىدۇ. بېلىقچى قۇشلار كەچكىچە بېلىق تۇتىدۇ، سېتىلغان بېلىقلارنىڭ پۇلىنى بولسا، بېلىقچى قۇشلارنى باققان كېمىچى ئالىدۇ. بىز باللار كېمىچىنىڭ بېلىقچى قۇشلارنى خارلىغانلىقىنى كورمەيتتۇق، چۈنكى كېمىچىلەر ھەرھالدا ئۇلارنى باقاتتى، قوسىقىنى تويغۇزاتتى. ھازىر بولسىچۇ، بۇنداق مۇناسىۋەت ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كوچتى، ئەمدى شۇنچىلىكمۇ ئىلتىپات قالمىدى!

بۇ تۈمەنلىگەن بېقىلغۇچىلار ئىچىدە يورۇقلۇق يوق، ئىسسىقلىق يوق، ئۈمىت يوق،......قانۇن يوق، ئادەمگەرچىلىك يوق. بۇ يەردە بارى ــ 20 ـ ئەسىرنىڭ پىشىپ يېتىلگەن تېخنىكىسى، ماشىنىسى، تۈزۈمى ۋە بۇ تۈزۈمگە سادىقلىق بىلەن ئىشلەيدىغان 15 ـ 16 ـ ئەسىرنىڭ فېوداللىق تۈزۈمى ئاستىدىكى قۇللار!

قاراڭغۇ تۈن، جىمجىت، ئولۇم پۇراپ تۇرىدىغان ئۈزۈن كېچە، بۇ يەردە ئاڭ يوقتەك، بىرلىك يوقتەك، قارشىلىق يوقتەك كورۇنىدۇ، ــ ئۇلار بۇيۈك بىر تاۋلاش مەيدانىدا تۇرىدۇ، چاقناپ تۇرغان ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۇلارنىڭ يانلىرىدىن ئۇتۇپ تۇرىدۇ، بىراق، بۇ قاتتىق بېسىم ئاستىدا يانچىلىپ

تۇرغان جانلىقلاردا ئوت تۇتاشتۇرغۇدەك، ئوت ياندۇرغۇدەك چوغمۇ قالمىغان.

ئەمما تاڭنىڭ ئېتىشىنى توساپ قالغىلى بولمايدۇ؛ سۇرونىڭ ئامېرىكىلىقلارغا ياستۇق ياغاچىنىڭ ئاستىدىكى جەسەتلەردىن ئاۋايلاشنى ئەسكەرتىپ ئوتكىنىدەك، مەنىمۇ بۇ مۇستەملىكىچىلەرگە ئۇرچۇقلار ئۇستىدە ئىگراپ ياتقان گۇناسىز ئەرۋاھلاردىن ئوزىنى ئاۋايلاشنى ئەسكەرتىپ قويماقچىمەن.

1936 - يىل 4 - ئاي، شاڭخەي

# «ئاسراندىلار»غا قوشۇمچە

مەن «ئاسراندىلار»نى يازغاندا ماڭا نۇرغۇن ماتېرىيال توپلاپ بەرگەن ۋە نۇرغۇن قولايلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بەرگەن فېڭ ئەپەندى ماڭا مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش بار ئىدى دەپ، بىر كىشىدىن خەت ئەۋەتىپتۇ. مەن بۇ خەتنى ئېلىپ، دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا باردىم. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كوچىنىڭ ئاغزىغا جايلاشقان كىچىككىنە ئۆيىدە كۆرۈشتۈم.

ئۇنى فېڭ ئەپەندى دېسە، ئۇ خۇددى ياشىنىپ قالغان بىر كىشىدەك تۇيۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن بىر قىز بالا ئىدى. ئەسلىدە ئۇ شاڭخەيىنىڭ كۆپ پېتىش يېقىدىكى مەلۇم بىر ئالى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئىقتىسات مەسىلىسى بىلەن ئوقۇشتىن قېپقالغان، ھازىر ئۇ كۈندۈزى بىر خۇسۇسى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ، كېچىسى ياشلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئېچىلغان ئىشچىلار كەچلىك مەكتىۋىدە دەرس ئۆتىدۇ. بوي-تۇرقى ۋىجىككىنە كەلگەن بۇ قىزنىڭ سەل يۇقۇرىغا قاراپ تۇرىدىغان كوزلىرىدىن بىر خىل سەممىلىك چىقىپ تۇراتتى، باشقا ئەركە-ناياناق خېنىملار كىنو

كورۇش ۋە ئىشقى ـ مۇھەببەت خەتلىرىنى يېزىشنى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك دەرسى قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا، ئۇ ئۆز ئەمگىگە تايىنىپ جان باقىدىغان كەسىپچىلەر سىپىدىكى تەۋرەنمەس كۈرەشچىلەردىن بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ كەلگەن مېھماننى ئۆزىنىڭ بار ـ يوقى بىرگىنە ئورۇندۇغىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى تاتىنغاندەك بىر ھالەت بىلەن كارۋىتىغا ئولتۇردى، ئۇ دەرىزىدىن قىيا چۈشۈپ تۇرغان كۈز ئاپتىۋىدىن كوزىنى ئالمايتتى.

ئۇنىڭ يېنىدا يەنە كەچلىك مەكتەپنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى ـــ شەرق ئەجنەبىلىرىنىڭ يىپ ئىگىرىش فابرىكىسىدا ئىشلەيدىغان شىڭ دى ئولتۇراتتى. ئۇمۇ «ئاسراندىلار» دىگەن ماقالىنىڭ يېزىلىشىدا ھەممىدىن بەك تىرىشىپ ھەمكارلاشقانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭدا ئىشچىلار سىنىپىغا خاس بولغان توغرىلىق ۋە ساپلىق بار ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ توغرىلىغى ۋە ساپلىغىنىڭ ئارقىسىدا، يەنە ئادەتتىكى كىشىلەردە بولمىغان، توساتتىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە توغرا تونۇشنى بىلىدىغان بىر خىل قابىلىيەتنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىغىغا ئانچىلا ئىشىنىپ كېتەلمەيتتىم. ئۇ مېنى ۋە ئۆزىنىڭ 15 ياشلىق سىڭلىسىنى باشلاپ، سەل قىسىنغاندەك ھالەت بىلەن، فۇلىك كوچىسىدىكى شەرق ئەجنەبىلىرىنىڭ يىپ ئىگىرىش فابرىكىسىنىڭ ياتاقلىرىنى "كوزدىن كەچۈرۈش"كە ئېلىپ بارغاندا، بىر بىرىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا نىمە دەيدىغانلىغىمىز ھەققىدە بىر نەرسە دېيىشۋالمىغان ئىدۇق، ئەمما ئۇ ئۆزى تونۇشىدىغان، گۇڭتۇنىڭ ئۆيە-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئارقا ئىشىگىدىن كىرىش بىلەنلا، ئالىلىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويغاندەك، ئۆزىنىڭ بىر تۇققان سىڭلىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ خوجايىنىنىڭ خوتۇنىغا دېدى:

— بۇ قىز مەن بىلەن بىر يۇرتلۇق، 2-فابرىكىدا ئىشلەيدۇ. (ماڭا بۇرۇلۇپ، مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى) بۇ ياق ئۇنىڭ تاغىسى بولىدۇ، سۇ-ئېلېكتىر شىركىتىدە ئىشلەيدۇ.....

ئۇ قىلچە چاندۇرمىدى، ئۇنىڭ سىڭلىسىدىمۇ ھېچقانداق باشقىچە ئالامەت كۆرۈنمەيتتى، ئەكسىچە ئۇنىڭ "تاغىسى" دەپ تونۇشتۇرۇلغان مەن بولسام چاندۇرۇپ قويىدىغاندەكلا تۇراتتىم.

— ئۆز ئالدىغا ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇش بەك بولىدىكەن، بۇ قىزنىڭ تاغىسى مۇشۇ ئەتراپتا "تاماق يەيدىغان" بىر جاي تاپسامىكەن دېگەندەك قىلىدۇ. — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مېنىمۇ خوجايىنىنىڭ خوتۇنىغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇڭ دېگەندەك قىلىپ، ماڭا قاراپ قويدى، ئۇنىڭ توختۇنلۇغى، زېرەكلىكى ۋە مەسىلىنى ئەتراپلىق ئويلايدىغانلىقى مېنى بۇنىڭ تامامەن ئەمەلىي تۇرمۇش ۋە خىزمەت زورۇرىيىتى بىلەن يېتىشىپ چىققان قىممەتلىك قابىلىيەت ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇردى. لېكىن ھازىر تارغىنا بىر ئۆيىنىڭ ئىچىدە بىر بىرىمىزگە قارىشىپ يۈزتۇرانە ئولتۇرۇپتۇق، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنغا باي ئىجادىي كۈچ يەنە بىردىنلا ئۇنىڭ ئەڭ ئاددىي-تۈز كۆڭۈللۈكلۈكىگە ۋە ساددا مىجەزىگە سىڭىشىپ كەتتى.

نۆۋەت بىلەن كېچىلىك ئىسمىنىغا ئالمىشىپ ئىشلەمسىز؟—

دەپ سورىدىم مەن.

ئۇ كۆلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان گېزىت باغلىمىنى يىرتىپ ئاچتى.

— ئوتكەندە مېنىڭدىن سوراتقىنىڭىزدىن 11 نۇسخىلا بار ئىكەن، بىرمۇنچە ئادەملەر سوزلەپ بەرگىلى ئۇنىمىدى.

ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان فېڭ ئەپەندى ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ دىدى:

— ئۇ تېخى دەسمى ساپتۇ، بىرمۇنچە كىشىلەرنى تاماقتا چاقىرىپ يۇرۇپ ئېيتقۇزۇپتۇ.

مېنىڭ بۇنىڭدىن توت ئاي ئىلگىرى «ئاسىرانىدىلار»نىڭ كەچۇرمىشلىرى ھەققىدە تېخىمۇ كوپرەك بىر نەرسە بىلىش ئۇچۇن، ئۇنىڭ ماتىرىيال توپلاپ بېرىشىنى ئوتۇنگەنلىگىم ئېسىمگە كەلدى. ئۇ چاغدا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن كۇتىدىغان ئۇمىدىمنى ئاددىلا دەپ قويغان ئىدىم، راستىنى ئېيتسام، شۇنىڭدىن كېيىن توت ئاي ئوتۇپ كەتتى، مەن ئۇنىڭدىن كۇتىدىغان ئۇمىدىمنىڭ جاۋاۋىنى ئېلىشنى ئاللىقاچان ئۇنىتۇپ قالغان ئىدىم. بىراق ئۇ ئەمگەك، ئوگىنىش، خىزمەتنىڭ سىرتىدىكى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ماڭا سەۋرىچانلىق بىلەن بۇ قىممەتلىك ماتىرىياللارنى توپلاپ ئەكەپتۇ. مەن سۇ تەككەن پات دەپتەرگە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىمتىھان قەغىزىگە يۇڭ قەلەم بىلەن رەتلىك قىلىپ يازغان خەتلىرىگە ئوخشاش يېزىلغان خەتلەرگە قاراپ، بىردىنلا ئاغىنەمنىڭ

كوڭلىنى رەنجىتىپ قويغاندەك ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم.

مەن بىر-بىر ۋاراقلاپ كورۇشكە باشلىدىم.

چېن × × توم يىپ سېخىدا ئىشلەيدۇ. 17 ياش، تەيجۇلۇق، (ئىشلىگىلى) بىر يىل ئۈچ ئاي بولغان، (ئاتىسى) ئەسكەرلىكتە. (ئاسراش ھەققى)نى بىلمەيدىكەن، تاغىسى (ئىگىدارچىلىق قىلغان).

مىڭ × × توم يىپ سېخى، 16 ياش، تەيجۇلۇق (ئىشلىگىلى) سەككىز ئاي بولغان، (ئاتىسى) تېرىقچىلىق قىلىدۇ، (ئاسراش ھەققى) 10 يۈەن، ئاتا-ئانىسى (ئىگىدارچىلىق قىلغان) — ئۇنىڭ پۇتىدا ناھايىتى قاتتىق تەمرەتكە ئاغرىقى بار.

سەي × × بالىسى، تۇلۇق سېخىدا ئىشلەيدۇ، 17 ياش، جېنجياڭلىق، (ئىشلىگىلى) ئىككى يىل بولغان، (ئاتىسى)نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن، كىچىكىدىن تارتىپلا ئاسراندا كېلىن بولغان، (ئاسراش ھەققى)نى بىلمەيدىكەن، بوۋىسى (ئىگىدار-چىلىق قىلغان).

چېن × × توم يىپ سېخىدا ئىشلەيدۇ، 15 ياش، ياڭجۇلۇق، (ئىشلىگىلى) بىر يېرىم يىل بولغان، (ئاتىسى) تېرىقچىلىق قىلىدۇ، ئولۇپ كەتكەن، (ئاسراش ھەققى) ئاڭلىشىمچە 20 يۈەن ئىكەن، 10 يۈەن بېرىپ ئادەمنى ئېلىپ كەتكەن، ئانىسى ئىگىدارچىلىق قىلغان ئىكەن.

ياڭ × × × ، سىم سېخىدا ئىشلەيدۇ، 18 ياش، تەيجۇلۇق، (ئىشلىگىلى) بىر يىل ئون ئاي بولغان، (ئاتىسى) تېرىقچىلىق قىلىدۇ، ياغاچچى، (ئاسراش ھەققى) يوق، ئاتىسى (ئىگىدارچىلىق قىلغان).

لى × × × ، پاختا تازىلاش سېخىدا ئىشلەيدۇ، 18 ياش،

جياڭبيىلىق، (ئىشلىگىلى) بىر يىلدىن ئاشقان (بۇ قىز شاڭخەيگە ئالداپ ئېلىپ كېلىنگەن، بۇنىڭغا ئوخشاش ئالداپ ئېلىپ كېلىنگەن باشقا قىزلار پاھىشەخانىغا سېتىۋېتىلگەن، بۇنىڭ چىرايى سەت بولغانلىقتىن گۇڭشۇ خوجايىنىغا مەڭگۈلۈك سېتىۋېتىلگەن، باھاسى نامەلۇم).

چېن × × × ، تومۇ يىپ سېخىدا ئىشلەيدۇ، 16 ياش، جېنجياڭلىق، (ئىشلىگىلى) بىر يىل بولغان. (ئاتىسى) ئۆلۈپ كەتكەن، (ئاسراش ھەققى)نى بىلمەيدىكەن، ئاچارچىلىق دەستىدىن باشقا بىرسى بىلەن شاڭخەيگە كېلىپ قالغان.

. . . . . . . . . . . . .

— تامامەن بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك بولۇپ چىقتى، — دېدىم مەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

شىندى گەۋدىسىنى يېقىنراق قىلىپ، ئاخىرقى ئىككى قۇرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— يەنە شاۋشىڭچىلار گۇرۇھىغا تەۋە ئىككىيلەن بار، بۇلارنىڭ تەمىناتى جياڭ بېي گۇرۇھىنىڭكىدىن ياخشىراق.

بۇ ئىككى نۇسخا مۇنداق:

شۇ × × ، تومۇ يىپ سېخىدا ئىشلەيدۇ، 18 ياش، شىنچاڭلىق، (ئىشلىگىلى) بىر يىل ئالتە ئاي بولغان، (ئاتىسى) خاڭجۇدا ئىشلەيدۇ، (ئاسراش ھەققى) ئەللىك يۈەن، ئاتىسى ئىگىدارچىلىق قىلغان.

لى × × ، تومۇ يىپ سېخىدا ئىشلەيدۇ، 17 ياش، شېڭيۈەنلىك (شېنشيەن ناھىيىسى خاتا ھالدا شېڭيۈەن بولۇپ قالغان)،

(ئىشلىگىلى) ئىككى يىل بولغان، (ئاتىسى) تىرىقچىلىق قىلىدۇ، (ئاسراش ھەققى) ئۇچۇن يىلىغا ئون بەش يۈەندىن بىرىپ،[5] يىلدا تولەپ بولىدۇ.

ئاسراندىلار دىگەن ئاددى بايانىمدا تەيجۇ (جياڭسۇ) لىقلار گۇرۇھىدىكىلەر ئولتۇرىدىغان "شىركەت ئويلىرى"نىڭ بىر تۇرىنىلا بايان قىلغان ئىدىم، ئەمىلىيەتتە ئاسراندىلار تۇغۇلغان يۇرتىنىڭ، ھوددىگەرلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىگە، ئىشلەيدىغان فابرىكىسىنىڭ خوجايىنىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇرلۇك-تۇرلۇك پەرقلىرى بولىدۇ، چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، شاڭخەيدىكى ئاسراندىلار جياڭسۇلىقلار گۇرۇھى ۋە شاۋشىڭلىقلار گۇرۇھى دىگەن ئىككى چوڭ سىستىمىغا ئايرىلىدۇ. شاۋشىڭلىقلار گۇرۇھىنىڭ ئادەم سانى كوپ ئەمەس، ئۇلاردا ئومىلەشكەن تەشكىلاتلار ناھايىتى ئاز، مۇئامىلىمۇ جياڭسۇلىقلار گۇرۇھىدىكىدەك قاتتىق ئەمەس. بۇلارنىڭ كوپىنچىسى شىنچاڭلىق، شىنشيەنلىك، ئاندا-ساندا شياۋشەنلىك، شاڭيۇلىكلەرمۇ بار. ئاسراش شەكلى جەھەتتە يۇقۇرىدىكى مىسالغا ئوخشاش، جياڭسۇلىقلار گۇرۇھىدىكىدەك "بىر قېتىمدىلا مەڭگۇلۇك ھوددىگە ئېلىش"تىن تاشقىرى، يەنە بىرنەچچە يىللىق ھوددىگە ئېلىپ، ھەر يىلى بىرنەچچە تەڭگىدىن پۇل تولەپ تۇگىتىش ئۇسۇلىمۇ بار، بىراق مېنىڭ تەكشۇرۇشۇمچە، لى × نىڭكىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىكەن. ئومۇمەن ئادەمنى ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇچ

يىل ئىشلەش سۈرۈگى بىلەن 20 تەڭگە بېرىدىكەن، خىزمەتنى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىسە، ئاندىن يىل ئاخىرىدا ئەھۋالغا قاراپ ئون كوي ئەتىراپىدا "بايراملىق مۇكاپات" بېرىدىكەن. ئەمما شاۋشىڭلىقلار گۇرۇھىدا ئادەم ئاز بولغانلىقتىن ئەڭ چوڭ هوددىگەرلەرمۇ قىرىق ـ ئەللىكتەكلا ئىشچىنى باشقۇرىدىكەن، شۇڭا باشقۇرۇش ۋە مۇئامىلە قىلىش جەھەتتىمۇ ئانچە ـ مۇنچە "ئۇرۇقداشلىق" ياكى "شاگىرتلىق تۈزۈمى"نىڭ ساقىندىلىرىنى ساقلاپ قالغان. ئۇلار كۈنىگە ئىككى قېتىم رەسمىي تاماق، بىر قېتىم ئۇماش يەيدىكەن، چۈشلۈك تامىقىنى "سىرتقى ئىشچىلار"غا ئوخشاش ئۇزلىرى فابرىكىغا ئېلىپ كىرىپ يەيدىكەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئەڭ ئاز "ئىلتىپات"تىن ـــ ئەمما جياڭبېيلىقلار گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ زوقىنى قوزغاشقا يېتىدىغان "ئىلتىپات"تىن باشقا، قالغان ھەممە زۇلۇم ۋە خورلاشلار تامامەن ئوخشاش ئىكەن.

مەن ئۇنىڭ ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىپ، بۇ قەغەزلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئاددىيلا سورىدىم:

ـــ بۇ قېتىم خۇڭكودا بولغان ۋەقە توغرىسىدا فابرىكىڭىزلاردا قانداق ئىنكاسلار بار؟

شىندى بىلەن فېڭ ئەپەندى تەڭلا دىگۈدەك باش چايقاشتى. شىندى ئالدى بىلەن سوز باشلاپ:

ـــ بۇنداق ئىشلارنى ئاسرانىدىلار ئاڭلىيالمايدۇ، سىرتقى ئىشچىلار ئاڭلىسىمۇ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا پاراڭ سېلىش ئۇلارنىڭ

ھەددىمۇ؟ بۇ يىل يىپ ئىگىرىش فابرىكىلىرىنىڭ ئۇقتى ياخشى بولدى، كېچە-كۈندۈز ئىشلەپمۇ يېتىشەلمەي كەتتى. فابرىكىنىڭ ئىچىدە "سىپخىلار ئارا مۇسابىقە" دەيدىغان "يېڭى بىر ئۇسۇل"نى بەلگىلەشتى، سىپخىلار ئارا ئىش مۇسابىقىسى بار، ئىشنى تېز ئىشلىگەنلەرگە مۇكاپات بېرىلىدۇ، — دىدى.

قانداق مۇكاپات؟ ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلەمدۇ؟

— نەدىكىنى! ياخشى ئىشلىگەن سىپخىلارغا "پەخرى مۇكاپاتنامە" دىگەن بىر پارچە قەغەزنى بېرىدۇ، بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدۇ، — دەپ ئۇزىنى تۇتۇۋالالماي، ئەلەملىك كۈلدى.

— بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدا بولسا، گېزىتكە چىققان بۇ ۋەقە ناھايىتى زور دىققەت قوزغىدى. — فىلىڭ ئەپەندى پۇرلىشىپ كەتكەن بىر كىچىك گېزىتنى ماڭا سۇنۇپ تۇرۇپ، سوزىنى داۋام قىلدى: — ھەممىيلەن ئاسراندىچىلىق تۈزۈمى زادى قانۇنغا خىلاپ ئىش ئەمەسمىكەن. بۇ ھەقتىكى خەۋەرنى كورىدۇڭلارمۇ؟ دەپ بىلگۈسى كېلىپ، بىر-بىرلىرىدىن سورىشىپ كەتتى.

جاۋاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرغان تۇت ئۇتكۇر كوز شۇ تاپتا تامامەن ماڭا تىكىلدى.

بۇ «لى باۋ» گېزىتىنىڭ 10-ئايىنىڭ 25-كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان مەلۇم بىر مۇشتىرىنىڭ تەھرىرگە يازغان بىر ئۇتۇنۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

×× ئەپەندى:

بىزدە مۇنــداق بىر ئىش ئۇتــتى، مەن بۇ ئىشــنى ئاخــبارات مۇخبىرلىرى يازمايدۇ دەپ ئويلايــمەن، چۈنــكى بۇ ئىش جەمىيەت كەيپىياتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەقەنىڭ ئىگىسىمۇ چىرايلىق ئەمەس، بەلكىم ئۇ كىشىلەر خالىغانچە يىمىرىپ تاشلىۋى-تىدىغان بىر تال قۇرۇتــچىلــكىمۇ ئىپتــىۋارى يوق بىر نەرسە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇنىڭــغا كىممۇ دىققەت قىلسۇن؟ ۋاھالەنــكى، ۋەقە ناھايىتى ئاددى ۋەقەدەك كورۇنــگىنى بىلەن، ئەمىلىيەتتە ناھايىتى ئېچىنىشــلىق ۋەقە ئىدى. بۈگۈن ئەتــگەن ئىشىم يوق، مەلۇم بىر سوت مەھكىمىسىگە كىرىپ قېلىپ، سامى بولۇپ ئولتۇردۇم، بىرىنچى ئەنزە سورۇلۇپ بولغانــدىن كېيىن، ئىككىنچىسىگە يېزىچە ياسانغان بىر قىــزنى ئېلىپ كىرىــشتى. ساقــچى ئىــدارىسىدىن تەيىنلەنــگەن ئادۋوكاتنىڭ دوكلادىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ قىزنىڭ ئەسلىدە ياڭ-شۇپۇدىكى بىر يىپ ئىــگىرىش فابرىكىسىنىڭ ئىشچىسى ئىكەنلىكىنى بىلــدىم. ئۇنىڭ تامىغىنى هوددىــلىۋالــغان (ئاسرانــدا قىلىۋالغان) خوجايىنى 5 ـ ئايــنىڭ 8 ـ كۈنى ياڭشــۇپۇدىن ئايرىلــغىچە، بىر جۈپ ئالتۇن هالــقا بىلەن ئىكــكى قۇر كىيىمنى ئوغرىلاپ قېچىپتۇ، دەپ ئەرز قىلــغان ئىــكەن، ساقچى ئىــدارىسىدىن تەكشۇرگەنــدە هېچقانداق پاكىت تاپالماپــتۇ، ئەمما خوجايىن ئۇنى ئەرز قىلغانلىق-تىن ئاخىرى چاپارمەن قوغلىشىپ بېرىپ، ساۋجىيادۇ دىگەن يەردىن تۇتۇپ كەپتۇ.

بىرقانــچە سوراق ۋە جاۋاپتىن كېيىن، ئۇنىڭ 5 ـ ئايدا ئۇرۇپ كوزنى ئىششىتىۋەتكەنلىكىنى، فابرىكا تەرەپتىن رۇخسەت سورىسۇن دىسە، خوجايىنــنىڭ خوتۇنى ئۇنىــمىغانــلىغىنى بىلــدىم. ئۇرۇش ـ تىللاش دىگەن ئادەتــتىكى ئىش ئىكەن، هەر ئايدا ئىشلەپ تاپقان

www.uyghurkitap.com

پۇلنى خوجايىنغا تاپشۇرىدىكەن، ئەگەر ياخشى ئىشلىمىسە تاياق يەيدىكەن، ئاغرىپ قالسا ھورۇنلۇق قىلىۋاتىسەن دەپ تىللايدىكەن ھەم ئۇرىدىكەن؛ بۇ قېتىم خوجايىن ئۇنى ئاشنا ئوينىساق دېگەندە، ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇرغان ئىكەن. ئۇ تەيجۈچە تەلەپپۇز بىلەن ئىتتىك ۋە بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ داتلىغىلى تۇردى ۋە بەدىنىدىكى شۇدۇر بولۇپ كەتكەن ئىككى يارىسىنىڭ ئىزىنى ئېچىپ كورسەتتى.

پۇتكۇل سورۇندىكى ئادەملەرنىڭ كوزى خوجايىنغا تىكىلدى، سوراقچى خوجايىنغا قاراپ ئۇنىڭدىن بۇ قىز سىزنىڭ "ئاسراندىڭىز" بولامدۇ دەپ سورىدى، ئۇ تىلىنى چايناپ تۇرۇپ رەت قىلدى، ئەمما تامغىمۇ، ياتقىمۇ مەندىن دەپ ئىقرار قىلدى، ئىشلەپ تاپقان پۇلىمۇ ماڭا ھېساپ دەپ بويىنغا ئالدى.

ئۇ يەنە قۇرۇقتىن - قۇرۇققا ئادۋوكات چاقىرىپ، قىزنىڭ ئۈستىدىن يەنە شىكايەت قىلدۇردى، چۈنكى ساقچى ئىدارىسىدىن تەيىنلەنگەن ئادۋوكات تۈگەنچى سوزىدە پاكىتلىرى ئاجىز دەپ ئېيتقان ئىدى، شۇڭا ھىلىقى ئادۋوكات تولەپ بىرىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىغاندەك قىلىپ، پەقەت: "ئۇ كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى خوجايىنغا بالىمىزنى تېپىپ بېرىڭ دېگەن تەلەپنى قويىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن گۇناسىز دېگەن ھوكۇم چىقىرىلىدىكەن، ھېچ بولمىغاندا تەن جازاسى بولسىمۇ بېرىلىشى كېرەك" دېگەن سوزنىلا قىلالىدى.

گۇناسىز دەپ ھوكۇم چىقىرىلدى ۋە دەرھال قويۇپ بېرىلدى. ئەپەندىم: بۇ قىزنىڭ بۇ دۇنيادا تارتمىغان ئازاۋى قالمىغان. بىر-مۇنچە ھوقۇقى بار ئادەملەر بىرلىشىۋېلىپ، بۇ يالغۇز قىزنى بوزەك قىلغان، مۇشۇمۇ دۇنيا بولدىمۇ؟ شاڭخەيدە مۇنداق ئاسراندىلاردىن نەچچە ئون مىڭى باردۇ. يۇشۇرۇنچە ئوتكۈزۈلۋاتقان پاجىئەلەرنىڭ

سانىنى كىم بىلسۇن. ۋاھالەنكى، كىشىلەر قىزلارنىڭ مەڭزىدىكى كۆلۈمسىرەشكىلا زوقلىنىپ قارايدۇ، تىرىك جەسەتلەرنىڭ كوزىدىكى ياش تامچىلىرىغا قارىمايدۇ — قارىغىسىمۇ كەلمەيدۇ، 24 قەۋەتلىك ئىگىز بىنانىڭ ئاستىدا يەنە 48 قات دوزاقنىڭ بارلىقىنى ئويلايدىغانلار تېخىمۇ ئاز. (قىسقارتىپ ئېلىندى)

بەي شۈي.

— بۇ سىلەرنىڭ فابرىكاڭلاردىكى ئادەممۇ؟ — دەپ سورىدىم شىڭ دىدىن.

ئۇ بېشىنى چايقىدى. فېڭ ئەپەندى دىدى:

— ئۇلار بىرنەچچە كۈن ئىزدەپمۇ بۇ ئادەمنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى تاپالماپتۇ، بەزىلەر ئۇنى تۇڭشىڭلىق دەپ بېرىپتۇ، ئەمما بېرىپ سورىسا ئۇ يەردىمۇ ھېچكىم بىلمىگىدەك، لېكىن بۇنداق ئادەملەر كوپ!...... مەن كەچلىك كۇرستا دەرس ئوتۇۋېتىپ، بۇ ئىشنى ئۇلارغا سوزلەپ بەردىم، نۇرغۇن كىشىلەر ئادۋوكاتنىڭ سوت كوللېگىيىسىدىن ”ئۇنىڭغا تەن جازاسى بېرىش كېرەك“ لىگىنى تەلەپ قىلغانلىقىدىن گۇمانلاندى،... — ئۇ گېزىتتىكى ھېلىقى سوزنى قولى بىلەن كورسىتىپ، ئاستا-ئاستا روھلىنىپ سوزىنى داۋام قىلدى، — گېزىتتە، بۇ يىلدىن باشلاپ، قىز ئېلىپ-سېتىشمۇ جىنايەت سانىلىدۇ دېيىلگەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق بولسا ئاسراندىلار......

— بۇنداق ئىشلار ئەملىيەتتە كوپ، ئاسراندىلار ئاغرىپ قالسا ياكى ئۇرۇپ يارىدار قىلىپ قويۇلسا، شەرق ئەجنەبىلىرى

كوپ چاغلاردا ئۇلارنى ئىشلەتمەيدۇ. ئۇلار باكارشىپ قالغىنى بىلەن، قايتىپ كېتىشكىمۇ جۇرئەت قىلالمايدۇ، بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كېتەلىگىنى ”بىگىسىسى بارلار“ ھېساپلىنىدۇ. —دەپ قوشۇپ قويدى شىك دى.

مەن ئۇلارنىڭ مېنى مەسىلىھەتلىشىشكە چاقىرىتقان مەقسىدىنى بىلىپ، ئۇلاردىن:

— مەن بۇ مەسىلىنى تونۇش ئادۋوكاتلاردىن سوراپ باقاي، بىراق، بۇ ”قانۇنغا خىلاپ“ ئىش بولسىمۇ، دۇنيادا ”ئاشكارا مەخپىيەتلىك“ بولۇپ قالغان جىنايەتلەر كوپ ئەمەسمۇ؟ —دەپ سورىدىم.

— ياق! —دىدى دەرھال شىك دى، —ئەگەر ھەقىقەتەن قانۇنغا خىلاپ ئىش ھېساپلانسا، بىز بىرىمىز ئۇنغا، ئۇنىمىز يۈزگە ئېيتىپ ھەممە ئاسراندىلارغا ئۇقتۇرۇشىمىز كېرەك، ئۇلارغا جان كېرەك، دەرت-ئەلەمگە چىدىمىغاندا، ئۇزلىرى ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ ئەرز قىلسۇن!

— گېزىتتە تەھرىر ئەپەندىمۇ شۇنداق دىگەن ئەمەسمۇ؟ ”سوتتىن ئۇنى گۇناسىز دەپ ھوكۇم قىلىپ، شۇ يەردىلا قويۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئەركىنلىگىنى ئەسلىگە كەلتۇرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاستىنراق ئويلاپ كورسەك، ئۇنىڭ ئىستىقبالىنىڭ بەردىبىر قاراڭغۇ ئىكەنلىگى تاينىلىق ئەمەسمۇ؟“

— ھەر ھالدا ھازىرقىدىن ياخشىراق بولىدۇ-دە، كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن تەقدىرىدىمۇ، ......ئۇلار ئاچ

قوساق ۋە ئاغرىق تۇرۇپ يەنە تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىشلىگەنىدە، تىلەمچىلىك قىلىپ جان بېقىشقا قىزىقاتتىمۇ!

فېلىق ئەپەندى دەرسخانىدا دەرس ئوتۇۋاتقانىدەك بىر خىل قىياپەت بىلەن، ئۇنىڭغا ئەسكەرتىپرەك سوز قىلدى:

— سىز ئۇلار بىلەن سوزلەشكەندە دىققەت قىلسىڭىز بولىدۇ، ئەگەر گۇگۇتۇ خوجايىن بىلىپ قالسا، ئۇلارغا بۇ ئەقلىنى سىزنى ئۇگىتىپتۇ دەيدۇ، ئۇ چاغدا......

— مەن قورقمايمەن، يامىنى كەلسە ياگشۇپۇدا ئىشلىمەسەمەن، ئىش دىگەن غەربىي شاگىخەيدىمۇ بار،— دىدى ئۇ ۋە ئوزىنى تۇتۇۋالالماي كۇلۇۋەتتى، ئۇنىڭ قارىشىدا غەربىي شاگخەي باشقا بىر دۇنيا ئىدى.

ئوزىنىڭ پايدا-زىيىنى بىلەن قىلچە ھىساپلاشمايدىغان بۇنداق روھ مېنى تولىمۇ خىجىل قىلىپ قويىدى. دۇنيادا ھىسداشلىق دىگەن نەرسە يوق دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ كىشلەر بىلەن كىشلەر ئوتتۇرىسىدىكى چىن سىنىپىي سويگۇ مانا مۇشۇنداق ئوزىنىڭ ئاچ-يالىڭاچ قېلىشى بىلەنمۇ كارى بولمايدىغان ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ساقلانغان بولىدۇ!

ئەتىسى چۇشتىن ئاۋال مەن بىر كىچىككىنە ئىشخانىدا مەردانە ۋە خالىس كىشى دەپ داڭ چىقارغان جىن پەمىلىلىك بىر ئادۋوكات بىلەن سوزلىشىپ قالدىم.

مەن ئۇنىڭغا "ئاسراندىلار"نىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچىلا قىلىپ ئېيتىپ بەردىم، ئۇنىڭ سوزلىرىدىمۇ، چىرايىدىمۇ سەل

www.uyghurkitap.com

ئەجەپلەنگەندەك ئالامەتلەر كۆرۈلدى.

ــ راستلا مۇشۇنداق ئىش بارمىدۇ؟

ــ بارلا ئەمەس، تولا، شاگخەيدىلا نەچچە ئون مىڭى چىقىدۇ!

ــ بىز زادىلا بىلمەيدىكەنمىز، ــ دېدى ئۇ ئوكسىنىپ، ــ ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىش ئەھۋالى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى سىز ئېيتقاندىكىدەك بولسا، چوقۇم جىنايەتكە توشىدۇ!

ئۇ شىرەدىن نەپىس ئىشلەنگەن 6 قانۇن توپلىمى دېگەن بىر كىتاپنى ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ماددىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

ــ ئاسراندىچىلىق تۈزۈمى پۈتۈنلەي قانۇنسىز بولغاندىن تاشقىرى، ئىشچىلارغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۆزىدىن "ئەركىنلىككە تېگىش جىنايىتى" كېلىپ چىقىدۇ. قاراڭ، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 26 ـ بابىنىڭ 296 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

"كىشىلەرنى قۇل قىلغان ياكى قۇللارغا ئوخشاش ئەركىسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغۇچىلارغا بىر يىلدىن ئارتۇق، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ."

ــ سىزنىڭ ماقالىڭىزدا ئېيتىلغان ئىشچىلار ياتىقىدىكى "ئاسراندىلار"نىڭ تۇرمۇشى سۆزسىز "قۇللار" تۇرمۇشى بولىدۇ، ھېچ بولمىغاندا، ئۇلارنى "قۇللارغا ئوخشاش ئەركىسىز ئورۇندا" تۇرغانلار دېيىشكە بولىدۇ. روشەنكى، گۇڭتۇ خوجايىنلارنىڭ ئىشچىلارنى مۇنداق قۇل قىلىپ پايدا ئېلىشى بىر خىل

قانۇنسىز ھەركەت بولىدۇ.

— بايا ئاسراندىچىلىق تۈزۈمىنى قانۇنسىزلىق دېدىڭىز، ئۇنداق بولسا، كۆكتۇلارنىڭ يېزىلارغا بېرىپ، ئاسراندىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى يەنى ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن تۈزۈشكەن ئاسراش توختىمىنى "ئەركىن ھالدا بىكار قىلىۋېتىش"كە بولامدۇ؟ دەپ سورىدىم مەن.

— ئەلۋەتتە، بۇ توختام ئىناۋەتسىز، ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمى پىرىنسىپىنىڭ 4-بابىدا "قانۇنىي ھەركەت" توغرىسىدىكى بەلگىلىمىدە: ياخشى ئۆرپ-ئادەتلەرگە خىلاپ بولغان قانۇنىي ھەركەتلەر ئىناۋەتسىز دەپ ئېنىق ئېيتىلغان؛ بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ياخشى ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئومۇمەن كىشىنى كىشى خارلاپ، ئاياق ئاستى قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى "ياخشى ئۆرپ-ئادەتلەرگە خىلاپ" دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ، شۇڭلاشقا بۇنداق توختامنىڭ ئۆزى قانۇنىي كۈچكە ئىگە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆكتۇلارنىڭ يېزىلارغا بېرىپ بوزەك قىلىش يولى بىلەن توختام تۈزۈشىمۇ جىنايى ئىشلارغا ياتىدىغان جىنايەتكە توشۇپ قالىدۇ، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 32-بابىدىكى ئالداش، بوزەك قىلىش، قارا يۈزلۈك قىلىش ۋە ئېغىر پايدا ئېلىش جىنايەتلىرى دېگەن تارماقلارنىڭ 344-ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

"كىشىلەرنىڭ مۇھتاجلىقىدىن، يېڭىلتەكلىكى ياكى تەجرىبە-

سىزلىگىدىن پايدىلىنىپ، پۇل ياكى باشقا نەرسىلەرنى قەرزگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەسلى قىممىتىدىن خېلى ئاشۇرۇپ، ئېغىر پايدا ئالغۇچىلارغا بىر يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ قېلىپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ ياكى مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ۋە ياكى يۇقۇرىدىكى جازالارغا قوشۇپ، مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ."

"344-ماددىدا، ئالدىنقى ماددىدا كۆرسىتىلگەن جىنايى ھەركەتلەرنى دائىمى كەسىپ قىلىۋالغۇچىلارغا بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ، ئۈچ مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ."

گۇاڭتۇ خوجايىنلارنىڭ ئېغىر پايدا ئېلىشىنى "ئەسلى قىممىتىدىن خېلى ئاشۇرۇپ" پايدا ئېلىش دېمەي مۇمكىن ئەمەس، بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ بۇ جىنايەتلەرنى دائىمى كەسىپ قىلىۋېلىشىنى قوشقاندا، ئۇلارنى قوشلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچى دېيىش تامامەن مۇمكىن.

ئىچىمدىكىنى ئېيتسام، مەن قانۇننىڭ "رولى" دېگەن نىمنى ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم ئاڭلىدىم. بىراق، مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك سۆزلەر بىلەن بەلگىلەنگەن قانۇن راستىلا ئاشۇ تۆمەنلىگەن گۇناسىز قوللارنى ئۈنۈملۈك تۈردە قوغداپ

www.uyghurkitap.com

قالالامدۇ؟ مەن تېخىمۇ ئاستىنراق سوراشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

— ئەمىسە، قانۇنغا خىلاپ بولغان مۇنداق توختامنى ئىختىيارىمىزچە بىكار قىلىۋېتىشكە بولامدۇ؟

— ياق، دەۋالاشقۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ پىكرىگە قارىلىدۇ، ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ 4-بابىنىڭ 74-ماددىسىدا بۇنداق «ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالغا نىسبەتەن كوزگە كورۇنەرلىك دەرىجىدە ئادالەتسىز بولۇپ قالغان» توختاملارغا قارىتا«سوت مەھكىمىسى دەۋالاشقۇچىنىڭ ئوتتۇنۇشىگە ئاساسەن، ئۇنى قانۇنلۇق ھەركەت دەپ قاراشنى بىكار قىلىدۇ. ياكى ئۇنىڭدىكى تولەمنى يېنىكلىتىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ دەۋالاشقۇچى ئوتتۇنۇش قىلمىسا، سوت مەھكىمىسىنىڭ كارى بولمايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

— بۇ «ياخشى ئورپ-ئادەتلەرگە خىلاپ» بولغان بىر خىل ئىجتىمائى ھادىسە ئىكەن، «كىشىلەرنىڭ مۇھتاجلىقىدىن، يېڭىلتەكلىكى ياكى تەجرىبىسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ»، بوزەك قىلىش يولى بىلەن تۈزۈلگەن بىر خىل توختام ئىكەن، «كىشىلەرنى قۇللارغا ئوخشاش ئەركىسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانلىق» جىنايىتى ئىكەن، ئۇ ھالدا جەمىيەت تەرتىۋىنى ساقلاش ۋە خەلقنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئوتەيدىغان «ئورۇنلار» بىلەن «ئەدلىيە-تەپتىش» ئورگانلىرى بۇنداق ناھەق ئىشلارنى ۋە جىنايى ھەركەتلەرنى تېزدىن پاش قىلىشى كېرەك ئەمەس-

مۇ؟ ــ قەبىھ كۆچىلەرنىڭ ئىلكىدىكى بىلىمسىز-تەجرىبىسىز بىچارىلەرنى ئۇزەڭلەر چىقىپ ”ئوتۇنۇش“ قىلىڭلار دېيىش ماھىيەتتە جىنايەتچىلىككە يول قويغانلىق بولمامدۇ؟

ئۇ بىر ھازاغىچە ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ، ئاستا سۆز باشلىدى:

ــ ئەسلىدە بۇنداق ئىشلارغا ئىجتىمائى ئىشلار ئىدارىسى ئارىلىششى كېرەك ئىدى.

ــ بۇنداق ئىشلار فابرىكا قانۇنىغا خىلاپ ئەمەسمۇ؟ ــ دەپ باشقا بىر سوئالنى قويدۇم.

ــ فابرىكا قانۇنىدا ئاساسەن ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى ماجرالار بىر ياقلىق قىلىنىدۇ، شۇڭا بۇنداق ”ئاسراندىلىق تۈزۈمى“ يەنىلا ئومۇمىي جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە بىر ياقلىق قىلىنىدۇ، ئەمما 14 ياشتىن 16 ياشقىچە بولغان ئەر-ئايال ئىشچىلارنى بولسا، فابرىكا قانۇنىنىڭ بالا ئىشچىلار توغرىسىدىكى تارماق بويىچە بولغاندا، يېپ ئىگىرىش فابرىكىسىنىڭ ئىشلىرىغا سېلىش مەنئى قىلىنىدىغاندەك بىر يېرى بار. ــ ئۇ يەنە قېلىن بىر كىتاپنى چىقاردى ــ ”بالا ئىشچىلارنى يەڭگىل ئىشلارغا سېلىشقىلا يول قويۇلىدۇ“، ”چاڭ-توزاڭ ياكى زەھەرلىك گاز پۇرقۇپ تۇرىدىغان جايلاردا قىلىنىدىغان ئىشلار“ مەنئى قىلىنىدىغان ئىشلار قاتارىغا كىرىدۇ.

ھېلىلا قانۇنغا نىسبەتەن كاللامدىن ئۆتكەن باللارچە خىياللار سۇس ئىسقا ئوخشاش يوقىلىپ كەتتى. خۇدا، قانداقلا بىر

فابرىكىغا بېرىپ قارىماڭ، ھازىر نەق يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن بويىچە ئېيتقاندا، جىنايى ھەركەتلەر ۋە قانۇنسىز ئىشلار بەك تولا ئەمەسمۇ؟ ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ فابرىكىلىرىدا 6 ياشقا تولمايدىغان بالا ئىشچىلار بار، ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن بوۋاقلارنى "چاڭ-توزاڭ ۋە زەھەرلىك گازلار پۇرقۇپ تۇرىدىغان" ماشىنىلارنىڭ يېنىغا نەرسىنى تاشلىغاندەك تاشلاپ قويىدۇ، كىشلەر بۇنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىۋاتامدىغاندۇ؟ مانا بۇ، ساقچىلار قوغداپ تۇرىدىغان فابرىكىلاردا ئاشكارىدىن-ئاشكارا بولۇۋاتقان ئىشلار! — مېنىڭچە، بۇ چوقۇم ھازىرقى جەمىيەتنىكى ياخشى ئورپ-ئادەتلەرگە ياتىدىغان ئىش بولسا كېرەك.

غەربىي شاڭخەينىڭ بەيلىنەنلۇ كوچىسىدا داڭقان پۇتى شەكلىدە چۇشكەن ئۈچ زاۋۇت-فابرىكا بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى جۇڭگولۇقلار ئاچقان × شىن يىپ ئىگىرىش فابرىكىسى، بىرى ئاق رۇسلار ئاچقان × يۇئەن تاختاي زاۋۇدى، يەنە بىرى ياپونلار ئاچقان فېڭتيەن توقۇمىچىلىق جەمىيىتى. ئۇ يەر كونسېسىيەمۇ ئەمەس، بىراق زاۋۇت-فابرىكىدا بىرەر ئىش تۇغۇلۇپ قالسا جۇڭگو "دائىرىلىرى" × شىن يىپ ئىگىرىش فابرىكىسىنى بىر ياقلىق قىلىشقا، × يۇئەن تاختاي زاۋۇدىغا ئارىلىششقا پېتىنىشى مۇمكىن، فېڭتيەن فابرىكىسىغا ئەسلا قول تەككۈزەلمەيدۇ. جۇڭگولۇقلار ئاچقان يىپ ئىگىرىش فابرىكىلىرىدا ئاسىراندىچىلىق تۈزۈمى ئاستا-ئاستا "ئاقمايدىغان" بولۇپ

قىلىنىۋاتىدۇ، لېكىن، ئادەم گوشى يېيىشنى دائىملىق كەسىپ قىلىۋالغان گۇڭتۇ خوجايىنلار قانۇنىنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغان شەرق ئەجنەبىلىرىنىڭ يىپ ئىگىرىش فابرىكىلىرىغا تۇپلىشىۋالماقتا. "قانۇننىڭ سىرتىدا" تۇرىدىغان ياپون سودىگەرلىرى دىگەن قالقان ئاستىدا، يۇمشاق ئېكسپىلاتاتسىيىنى بۇ ياقتا تۇرسۇن، بىرنەچچە جۇڭگولۇق "قۇل"نى قاتىللىق قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ ئامانلىق ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئارتقۇرىدىغانلارمۇ ئوخشاشلا سۈرۈشتە قىلالمايدۇ! مەن بۇ پاكىتلارنى جىنن ئەپەندىگە سۆزلەپ بەردىم. ئۇ كىشىمۇ ماڭا قوشۇلۇپ، ھەسرەتلىكلا كۈلۈپ قويدى، خالاس.

—"دوستانە خوشنىمىز" دىگەن قالقان ئاستىدا، گەپ ئەلۋەتتە يەنە باشقىچە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ، فابرىكىلاردىكى تەكشۈرۈش تۈزۈمى قاتتىق توسقۇنلۇققا ئۇچرىمىدىمۇ، گەپ، يەنىلا بىزنى قاتتىق چىرماپ تۇرغان پۈتكۈل تەڭ ھوقۇقسىزلىق شەرتنامىلىرىدە!

بۇ توغرا يەكۈن، مەن جىنن ئەپەندىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان "قانۇنسىي ئاساس" بىلەن ئېچىنىشلىق "باشقىچە مۇھاكىمە"نى خەت ئارقىلىق فېڭ ئەپەندى بىلەن شىن دىگە ئۇقتۇرۇپ قويدۇم. ئۇلارنىڭ ئاجىز ئەمما خەۋپ-خەتەرگە پىسەنت قىلمايدىغان تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئۇلۇغ سۇغا ئوخشاش جەمئىيەتتە قانچىلىك دولقۇن كۆتۈرەلەيدىغانلىقىنى بىلمىدىم.

بىراق، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنىكى، بۇ ئۇلۇك سۇدىكى جانلىقلار تېخــى ئۆلگــىنى يوق. ئۇلار قىــمىرلاشلىــرى كېرەك ــ بەلــكى قىمىرلاشقا باشلىدى.

1936 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com

# ئەسلىمە ۋە ئوي

1927 ـ يىلى مېنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋىتىم شاڭخەي جابېي رايونىنىڭ 3 ـ كوچىسىدىكى ياچېيكىدا ئىدى. ئۇ چاغدا مەن قىسقا بىر مەزگىل ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى ئىشلىگەن ئىدىم، شۇ چاغدا مەن يىپ ئىگىرىش فابرىكىلىرىدا ئىشلەيدىغان بەزى كىشىلەر بىلەن ئاغىنە بولۇپ قالغان ئىدىم. كېيىن خىزمىتىم يوتكەلگەنلىكتىن، بۇ يەردىن كېتىپ قالدىم. 1929 ـ يىلىنىڭ تۇگەنچىسىدە مەن شەرقىي شاڭخەينىڭ تاڭشەنلۇ كوچىسىدىكى يېڭو ئاڭلى دىگەن مەھەللىدە ئولتۇراقلىق بولۇپ قالدىم، چۈنكى بۇ يەر ئىشچىلار رايونى ئىدى، شۇڭا ئىشچىلار ھەركىتى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان بىرنەچچە يولداش تېخى دائىم مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ "تۇرىدىغان"—بىر قۇر كوك رەڭلىك ئىشچى كىيىمىنى مېنىڭ ئۆيۈمگە قويۇپ قويىدىغان، ئۆيگە كەلگىچە تون ياكى كاستۇم كىيىپ كېلىدىغان، فابرىكىغا بارغىچە ئىشچى كىيىمىنى يەڭگۈشلىۋالىدىغان، ئىشتىن چۈشكەندە يەنە مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ، ھېلىقى كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىۋالىدىغان بولدى. بۇ يولداشلارنىڭ پاراڭلىرىدىن "ئاسراندىچىلىق" تۈزۈمىنى ۋە بۇ قىزچاقلارنىڭ ھايۋان كەبى

تۇرمۇش كەچۇرووۋاتــقانلىقىنى ئۇقــتۇم. بىر يــىل ئوتــكەندىن كېيىن، شاڭخەي بەدىي تىياتىرلار جەمىيىتى تارقىتىۋېتىلــدى، بىز كوچمە ئويۇن قويۇش ئەترىدى قۇرۇپ، فابرىكىلارغا بېرىپ ئويۇن قويدۇق، ئالاقە باغلاش ئۇچۇن مەن يەنە بۇرۇن تونۇشـ قان، خىرىستىيان دىنى جەمىيىتى قارىمىقىدىكى ياشلار ئۇيۇشمىسى ئاچقان ئىشچىلار كەچلىك مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىــدىغان يولداش بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدىم (بۇ كېيىن مەن «"ئاسرانـ دىلار"غا قوشۇمــچە»دە يازغان فىلىم ئەپەندىنىڭ ئوزى شۇ). ئۇ ماڭا ئاسراندا ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالىغا دائىر نۇرغۇن ئىشــلارنى سوزلەپ بەرگەن. "28 ـ يانۋار" ئۇرۇشــىدىن كېيىن، يولــداش چېن شىلىڭ شاڭخەيدىكى ئايال ئىشچىلارنى مەزمۇن قىلغان بىر كىنو سىنارىيىسى يېزىپ چىقساق دىدى، مەن ئۇنىڭــغا ئاسرانـ دىلارنىڭ ئەھــۋالىغا دائىــر ماتىرىيالــلارنى سوزلەپ بەردىــم. كېيىن مىڭ شىڭ شىركىتى تەرىپىــدىن كىنو قىلىپ ئىشــلىگەن «ئايالــلارنىڭ چــوقانى» دىــگەن كىــنو ئەنە شۇ ئىــدى. بۇ ــ ئاسراندىلار ھەققىدە بىرىنــچى قېــتىم يېزىلــغان ئەدىبىي كىنو ئەسىرى ئىدى، بىراق، بىر تەرەپــتىن بىزنىڭ بۇ جەھەتــتىكى ئوزلەشتۇرمىلىرىمىز چوڭقۇر بولمىغانلىقى، تۇرمۇشــقا پىشــشىق بولمىغانلىقىمىز، شۇنىڭدەك ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتنىڭ چەكلىـ مىسى، كىنو قىلىپ ئىشلەپ چىققاندىن كېيىن يەنە كىنو تەكشۇرـ گۇچىلەرنىڭ قايتا ـ قايتا قىسقارتىۋېتىشى ئارقىسىدا، بۇ فىلىمنىڭ نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمىدى. لېــكىن بۇ كىــنونى يېزىــپ

چىقىش ئۇچۇن، بىز يەنە ئاسىراندىلارغا دائىر بەزىبىر ماتىرىياللارنى قايتىۋاشتىن توپلاش ئارقىلىق، تېخىمۇ كوپىرەك نەرسىلەرنى ئىگەللەپ ئالدۇق. ئاسىراندىلارنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشى بىز بۇ زىياللارنىڭ ”روھىنى قالتىراتتى“، مەن ئايال ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەن بىرمۇنچە ئەدىبىي ئەسەرلەرنىمۇ كورگەن، ياپونىيىدىكى ۋاقتىمدا، كاپىتالىزىم دۇنياسىدا تۇرمۇش سەۋىيىسى ئەڭ تۆۋەن، ئەمگەك شارائىتى ئەڭ ناچار دەپ قارىلىپ كەلگەن ياپونىيە توقۇمىچى ئايال ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ كورگەن ئىدىم، ئەمما ياپونىيىدىكى ئايال ئىشچىلار بىلەن بىزدىكى ئاسىراندىلارنى سېلىشتۇرغاندا، بىھەش بىلەن دوزاقنىڭ پەرقىدەك پەرق بار. مانا شۇ چاغدىلا مەن 20-ئەسىردىكى چەتئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگودا ئاچقان زاۋۇت-فابرىكىلىرىدا بايا قۇللۇق تۈزۈمىنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق ساقلاپ قالغانلىقىنى بىلدىم. مەن غەزەپلەندىم، بۇ پانى ئالەمدىكى دوزاقنى چوقۇم پاش قىلىش كېرەك دېگەن يەرگە كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە بىر ھېكايە يېزىپ چىقىشقا بەل باغلاپ ئاسىراندىلارنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئىگەللەشكە كىرىشتىم، ئەمما كېيىن خىزمەت ئالدىراش بولۇپ كېتىپ تاشلاپ قويدۇم. 1935-يىلىغا كەلگەندە، شاڭخەيدىكى پارتىيە تەشكىلاتى يەنە بىر قېتىم قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بىزنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بىرنەچچە مەسئۇل كىشىلىرىمىز قولغا ئېلىنىپ كەتتى، تەشكىلدىن مېنى

يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇدى، مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاسراندىلارغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاشقا كىرىشتىم.

"شەرقىي شاڭخەي گۇڭشېسى" (ئىلغارلار خىرىستىيان دىنى جەمىيىتى قارىمىغىدىكى ياشلار ئۇيۇشمىسىدىن پايدىلىنىپ، ياڭ-شۇپۇدا ئاچقان، ئىشچىلار كەچلىك مەكتىۋىنى مەركەز قىلغان بىر مۇلازىمەتچىلىك تەشكىلاتى) دىكى يولداشلارنىڭ تونۇشتۇ-رۇشى ئارقىلىق، ياپونلارنىڭ نېيۋاي پاختا توقۇمىچىلىق فابرى-كىسىدا ئىشلەيدىغان ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى شىن دى بىلەن تونۇشتۇم. ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم سوزلەشكەندىن كېيىن، ئاسراندىلارنىڭ تۇرمۇشنى ھەققى ئىگەللەش ئۇچۇن، ماتېرى-يال توپلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، نەق ئۇستىدىن كۆزىتىش ئېلىپ بارماي بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلدىم. مەن ياپونلارنىڭ يىپ ئىگىرىش فابرىكىسىدا خىزمەتچى بولۇپ ئىش-لەۋاتقان، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشىمنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن ئاسراندىلار ئىشلەيدىغان سېخقا بېرىپ، ئۇ يەرنى بىرنەچچە قېتىم كوردۇم، ئۇلارنىڭ ئەمگەك شارائىتى بىلەن بىرئاز تونۇشتۇم، بىراق، "گۇڭتۇ" لارنىڭ ئاسراندىلارنى باشقۇرۇش تۇزۇمىنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھ-ۋالىنى بىلىش ئۇچۇن، ئاسراندىلار ياتىدىغان ياتاقلارغا بېرىپ تەكشۇرۇپ كورمەي بولمايدۇ. ھازىرقى ئىشچىلارنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنداق ئەھۋاللارنى چۇشىنىپ يېتىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىشمۇ تەس گەپ. ئۇ چاغلاردا ئاسراندىلارنىڭ ياتاقلىرى

ئەمىلىيەتتە ناھايىتى قاتتىق باشقۇرىدىغان بىر تۈرمە ئىدى. ئاسىراندىلارنىڭ ياتاقلىرىنى ياپون ساقچىلىرى، چارلامچىلىرى، گۇڭگىتۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى لۈكچەكلەر قاتتىق قامال قىلاتتى. ئۇلار بۇ "قول ئىشلەمچى"لەرنى تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىق ئۈچۈن، ھەرقانداق "سىرتتىكىلەر"نىڭ بۇ چەكلەنگەن رايونغا كىرىشىگە يول قويمايدۇ. مەن "ئاسىراندىلار"دا بۇ "ئاسىراندىلار"نى "قاچىلانغان ئەمگەك كۈچى"، كاپىتالىستلار ئۇلارنى چىڭ بېكىتىپ قويۇپ، ئۇلارنى سىرتتىكى ھاۋا بىلەن ئۇچراشتۇرمايدۇ دىگەن ئىدىم، بۇ گەپلەر ھەرگىز كوپتۇرمە ئەمەس. بۇ قامالنى مەن شىن دىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككى قېتىم بوسۇپ كىرىپ كەتكەن ئىدىم، لېكىن كېيىن گۇڭگىتۇنىڭ "يالاقچى" سىنىڭ كوزىگە چۈشۈپ قېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن كىرەلمىدىم. ئاسىراندىلار تاڭ ئېتىشى بىلەن فابرىكىغا كىرىپ كېتىپ، كەچ كىرگەندە ياتاقلىرىغا قايتىپ كىرەتتى، ئۇلارنىڭ ئىشقا چۈشكەن ۋە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنكى تۇرمۇش ئەھۋالىنى كوزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن، سەھەردىكى ۋە كەچكى ۋاقىتتىن پايدىلانماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا بۇ ھال بۇ كۈزىتىشتىكى ئەڭ تەس ئىش ئىدى. ئۇ چاغدا مەن ياڭشۇپۇدىن كوپ يىراق بولغان مىتخەست كوچىسىدا (ھازىرقى تەيشىڭلۇ كوچىسىدا) ئولتۇراتتىم. دىمەك، ئەتىگەن سائەت 5 تىن ئىلگىرى ياڭشۇپۇغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، يېرىم كېچىدە — سائەت 3 تىن ئاشقان چاغدا ئورۇندىن تۇرۇپ، ئون نەچچە چاقىرىم يول

بېسسىقا توغرا كېلەتتى، شۇنىڭدىلا ئۇلارنىڭ ئىشقا چۈشكەن ۋاقتىدىكى ئەھۋالىنى كورگىلى بولاتتى. شۇ سەۋەپتىن مەن 4 ـ ئاينىڭ بېشىدىن تارتىپ 6 ـ ئايغىچە ـــ تولۇق ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت "كېچىلىك ئىشچى" بولۇپ ئىشلىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئەھۋالىنى بىرقەدەر تەپسىلى كۆزىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىدىم. تۈرلۈك ـ تۈرلۈك زۇلۇملار، سان ـ ساناقسىز ئازاپلار تۈپەيلىدىن، بۇ قىزچاقلار ئاسانلىقچە باشقىلار بىلەن سوزلىشەلمەيدۇ، بىزگە ئوخشاش كىشىلەرلا ئەمەس، ھەتتا بىر فابرىكىدا ئىشلەيدىغان "سىرتقى ئىشچىلار"نىڭمۇ ئۇلار بىلەن سوزلىششى خېلى تەس گەپ ئىدى. شىن دى قىزغىن قىز ئىدى، ئۇ مەن ئۇچۇن ئەھۋال ئۇقۇپ بېرىمەن دەپ، بىرقانچە قېتىم ئەتىگەنلىك ئىشقا چۈشۈش ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ كېلىپ، ئۇلاردىن بەزى ئىچكى ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ بېقىش مەقسىدىدە ئۇلارنىڭ سېپىگە كىرد-ۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاسراندىلار ئۇنىڭ كىيىمىگە قاراپ، تەقىقى ـ تۇرقىغا سەپسالغاندىن كېيىن دەرھال "سەگەكلىشىپ" كېتىدۇ، بەزىلىرى زادى لام ـ جىم دېمەيدۇ، بەزىلىرى ئۇنى ھەتتا "تىڭ ـ تىڭچى" دەپ قاراپ، يىرگىنگەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قويىدۇ. دېمەك، ئۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارنىڭ كوڭلىدىكى دىمەكچى بولغان راست گېپىنى ئاڭلاش، ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى دەردىنى بىلىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋاللىرى توغرىسىدا شۇ چاغدا

تەكشۈرەلىگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ھىلىقى ماقالامغا كىرگۈزگەن ئىدىم. بۇ ھىكايە ئەمەس، "خەۋەر ئەدىبىياتى" ئىدى، شۇڭا مەن ئۇنى يېزىشتا ئۇنىڭ چىنلىق تەرىپىگە كۈچ چىقاردىم، ئۇنى قىلچىمۇ توقۇمىدىم ۋە كۆپتۈرمىدىم. ئۇلارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى، ئەمگەك ۋە تۇرمۇش شارائىتلىرى، شۇ چاغدىكى ئىش ھەققى تۈزۈمى ئۈستىدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم، شۇڭا بۈگۈن ئىشچى يولداشلارنىڭ قارىشىچە ئىشەنگىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ چاغدا پولاتتەك پاكىتلار ئىدى.

ھازىر ئويلىسام، ئۇ چاغدا ماڭا جاھانگىرلىك، فېوداللىق كۈچلەر ۋە لۈكچەك-ئىشپىيونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ھەممە يىرتقۇچ كۈچلەرنىڭ زىچ بىرىكمىسى ماڭا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىكەن. مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن ئىگە-چاقىسىز ئاسراندىلارنى ئېزىش ۋە ئۇلارنىڭ قېنىنى شوراش ئۈچۈن، ياپون جاھانگىرلىرى، گوڭبۇ ئىدارىسى، گۇڭتولار، خوجايىنلار، گۇرۇھ كاتتىۋاشلىرى، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ھەتتا يەرلىك لۈكچەكلەر بىرلىشىپ بىرلىك سەپ بولۇپ ئۇيۇشۇۋالغان ئىدى. بۇ يەردە دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقى دېگەن نەرسىمۇ يوق ئىدى، تۇرمۇش كاپالىتى ۋە جىسمانى ئەركىنلىك دېگەن نەرسە تېخىمۇ يوق ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى باستۇرۇش ھەركىتىدىكى بىر دەرت تۆكۈش يىغىنىدا

يىپ ئىگىرىش فابرىكىسىدا ئىشلىگەن بىر ياشانغان ئايال ئىشچىنىڭ: "سىلەر بىزنى كاپىتالىستلارغا ئات-كالا ئورنىدا ئىشلەيتتى دەيسلەر، راستىنى ئېيتقاندا، ئات-كالىچىلىكمۇ ئورنىمىز يوق ئىدى، بىز چىۋىن-پاشىلارغا ئوخشاش ھاشارەتلەر ئىدۇق. شەرق ئەجنەبىسى بولغان خوجايىنلار بىلەن گوڭتۇلار بىرەر ئىشچىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، بىر چۈمۈلىنى دەسسەپ يەنچىۋەتكەنچىلىكمۇ بىلىنمەيدىغان بىر ئىش ئىدى" دىگەنلىگىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ راست گەپ، قىلچە يالغان ئەمەس.

ئازاتلىقتىن كېيىن، مەن شاڭخەيگە بېرىپ، يېڭىچە ساۋىياڭ، كاڭجىياڭ كەنتلىرىنى كورۇپ كەلدىم، چەتئەللىك مېھمانلارغا ھەمرا بولۇپ، ئىشچىلار دوختۇرخانىسىنىمۇ كوزدىن كەچۈردۈم. بۇ جايلارنى كورۇپ، باشقىلارغا قانداق تۇيۇلدىكىن بىلمىدىم، مەن ناھايىتى تەبىي ھالدىلا ئاسراندىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئېسىمگە كەلتۈرۈشكە باشلىدىم. ئاسراندىلارنىڭ ئوبرازىنى كوڭلى يۇمشاق ئادەملەر ئەسلىسە، يىغلاپ تاشلىشى مۇمكىن. ساماندەك ساغىرىپ، قۇرۇق قاخشال بولۇپ قالغان دىگەنگە ئوخشاش سوزلەرنىڭ ھېچقايىسى ئۇلارنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى سۈپەتلەپ بېرەلمەيدۇ، كېسىلى يوق ئاسراندىلار بەك ئاز ئۇچرايدۇ، ئوپكە ئاغرىغى، پۇت تەمرەتكىسى، تېرە ئاغرىغى بىلەن ئاغرىغانلار ئەڭ كوپ سانىنى تەشكىل قىلاتتى. بەزى ئاسراندىلارنىڭ پۇتلىرى ئىششىپ تۇۋرۇكتەك بولۇپ كەتكىچە-

مۇ، كېچە ـ كۈندۈز دىگۈدەك ماشىنىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەي ئىشلەيتتى. ئۆتكەن يىل قىشتا مەن بېيجىڭدا قايسىبىر ئابال ئىشچىلارنىڭ ياتىغىنى ئېكىسكۈرسىيە قىلدىم، ئۇلارنىڭ كارۋاتلىرىنىڭ يېنىدا كىتاپ، گېزىت ـ ژورنال، يۇز مېيى، ئەترىگە ئوخشاش نەرسىلەرنى كوردۇم. ئۇلار ئۈچۈن مەن قۇتلاندىم، هوزۇرلاندىم. مەن دەسلەپ ئاسراندىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ كۆزىتىش ئېلىپ بارغىنىمدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سېسىق پۇراقتىن هەممىدىن بەك سەسكىنىپ كەتكەن ئىدىم. ئۇ چاغلار شاڭخەيىنىڭ 5 ـ ئايدىكى تازا يامغۇر پەسلى بولۇپ، ئاسراندىلار ئايلاپ ـ يىللاپ بەدىنىنى يۇيالمايتتى، چېچىنى يۇيالمايتتى ۋە كىيىم يەڭگۈشلىيەلمەيتتى. ئويلاپ بېقىڭلار، بۇنىڭدىن چىقىدىغان پۇراق قانداق پۇراق بولىدۇ!

مەن «ئاسراندىلار»نى 1935 ـ يىلى يازغان (1936 ـ يىلى ئېلان قىلىندى)، بۇنىڭغا هازىر 24 يىل بولدى، مۇشۇنداق هىساپلىغاندا، هازىرقى ياش ئىشچىلار ئۈچۈن بۇ ئىشلار "كونا تارىخ" بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئاشۇ پاجىئەلىك يىللاردا، بۈگۈنكى ياشلار تېخى دۇنياغا كەلمىگەن ئىدى. شۇڭا مەن ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى ئانچە ـ مۇنچە ئەسلەپ كورسەكلا، ماۋزېدۇڭ دەۋرىدىكى ئىشچىلارنىڭ بەختلىك ئىشچىلار ئىكەنلىكىنى تېخمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋالالايمىز. ئادەم ئادەمنى يەيدىغان جەمىيەت كەلمەسكە كەتتى، ئىشچىلار كاپىتالىستلارغا ئات ـ كالا ئورنىدا قۇل بولۇپ ئىشلەيدىغان، قۇرۇت ـ هاشارەت ئورنىدا

خار بولىدىغان زامانلار كەلمەسكە كەتتى. بىراق، بىز شۇنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەككى، جاھانگىرلارنى قوغلاپ چىقىرىش، ئادەم ئادەمنى يەيدىغان جەمىيەت تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدا بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز نۇرغۇن قانلىرىنى ئاققۇزغان ۋە ياشلىرىنى توككەن، سان-ساناقسىز ئەجداتلىرىمىز قۇربان بولغان، بەخت دىگەن ھىچقاندىق چىقىمسىز كېلىپ قالىدىغان نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ ياشلىرىمىز بۈگۈنكى بەخت ئۈچۈن، تېخىمۇ بەختلىك كېلىچەك ئۈچۈن، پارتىيىنى سۆيۈشنى، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشنى، سوتسىيالىستىك-كوممۇنىستىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش يولىدا ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى قىلىشى لازىم.

1959 - يىل

www.uyghurkitap.com

# 包 身 工

（维吾尔文）

夏　　衍著
吾拉木译
任运昌校订

责任校对：热西提瓦依提
族出版社出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷
本：787×1092毫米1/32　印张：2 3/8
1982年7月第1版
1982年7月北京第1次印刷
0001—4,000册　定价：0.13元
书号：M10049(4)136

封面设计　王　琮

书号 M10049 (4) 136
定价　　0.13 元